# ئۇيغۇر
# خەلق ئەدەبىياتى

١٥٨٢٠

ئەسكەرتىش: مېنىڭ ئىككى كۆپ سۆيۈپ ئوقۇغان-

بۇ كىتاب غۇلامىدىن پاختا ئەھمەت ھاجى پاختا

مۇمىن موك ئوغلىغا مەنسۇپدۇر!

بۇ غۇربەت دىيارىدىكى مېنىڭ مۇڭد-

شىمدۇر! ... مەندىن كېيىن قالغان

ئوقۇغۇچىلارغا بىر يادىگار «ئەسلەتمە»

بولغاي. 1967 - نيورق. ئاقاش

FROM THE LIBRARY OF
GULAMETTIN PAHTA
EAST TURKISTAN
NATL RESEARCH
CENTER INC

# ئۇيغۇر
# خەلق ئەدەبىياتى

«قازاق ئېلى» ژورنالىنىڭ نەشرىياتى
1949

## توپلىغۇچىلاردىن:

ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بۇ توپلامىغا ناخشا-قوشاقلاردىن باشقا، ئۇيغۇرچە ماقال ھەم تەمسىللەرمۇ كىردى. ئەلبەتتە، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بارلىق ناخشا-قوشاقلار تولۇق بېرىلدى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ، بۇ پەقەت خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادى بايلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ توپلامغا كىرگەن ناخشا-قوشاق ۋە ماقال ھەم تەمسىللەر ئۆز ۋاقتىدا يىغىلىپ، قىسمەن نەشر ئېتىلگەن ن. ن. پانتۇسوف، س. شاكىرجان ئوخشاش ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئايرىم توپلاملىرىدىن ۋە ئۆزىمىزنىڭ شەخسەن يىغىپ توپلىغان ماتېرىئاللىرىمىزدىن قۇرۇلدى.

توپلىغۇچىلار: ق. ھەسەن ئوغلى،
ئا. شەمى قىزى.

مۇھەررىرى: ئا. شەمى قىزى.

# تارىخى-ئىنقىلابى قوشاقلار

# سادىر پالۋاننىڭ قوشاقلىرى

## سادىرنىڭ يامۇلدا ياتقاندا ۋە قېچىپ يۈرگەندە ئېيتقان قوشاقلىرى

سادىر دەپ ئېيتىم يامان،
ئون بەش ياشدا ئاتالغان.
دەستلايىقى تۇتۇلغاندا،
جولانجانغا پالانغان.

يامۇلغا چۈشۈپ قالدىم،
چۈچۈن بىلەن پىشتىلارغا.
ۋاڭزى پۈلىنى دەيدۇ،
ئۆلگۈرمەيدۇ ئىشتىلارغا.

ۋاڭزى پۈلىنى دەيدۇ،
ۋاڭزىغا نىمە لازىم؟
يار خالتا ئىبۇدىنىدۇ،
يامۇلدا يىتىپ تازىم.

يامۇلدا تولا ييتب،
بيشم بر قۇچاق بولدى.
مەن يامۇلنى تەشكەندە،
قوۋۇرغا پچاق بولدى.

يامۇلنى تيشب قويۇب،
ئككى چقدم تالاغا.
مينى ياققان بەشردايى،
ئەندى قالدى بالاغا.

يامۇلدن قاچقان ۋاخدا،
قازانچى بلەن قاچتۇق.
چيركلەر قوغلاب چقسا،
قار كيچب، داۋان ئاشتۇق.

تەنشان تاغليرى دەيدۇ،
مينك يانار ماكانمدۇر.
نيمە قلساڭ قل شەگگەن،
سبنك سورار زامانڭدۇر.

بالا-جاقام ييئم قالدى،
قچقارسام ئۇنۇم يەتمەس.
قوقماس غەيريتم باردۇر،
بۇنك ئۇچۇن بيشم كەتمەس.

ختايدن قيچب يۇرۇب،
تاغلارنى ماكان ئەتدم.
قوساق ئيچى يامان ئيكەن،
شالۇۇرنى كاۋاب ئەتدم.

شالۇۇرنى كاۋاب ئەتسەم،
بر تانلق بيغر بولدى.
تاغلاردا قيچب يۇرۇب،
ئاتلبرم ييغرە بولدى.

ئيگز تاغنىڭ قارغيىى،
قشليغى شالاڭ ئوخشاش.
هەمرايىمنى يەي ديسەم،
ئوزەم تاپقان بالام ئوخشاش.

يامۇلدن قاچقان كۇنى،
يولداش بلەن تيپشدم.
قوغلاب چققان چيرك بلەن،
ئۇچ كۇنگىچە ئيتشدم.

چيرك قاچتى تليغا،
ئيتب چۇشەردم بيليغا.
سەكرەب چۇشۇب ئيتمدن،
نەيزا تقدم گيليغا.

سادیرنی تۇتۇپ بەرگەن،
ئاق جاگزیدیکی شاگیۇ.
جان تاپماق ئۇچۇن ساندم،
بیجن ئچیده یاگیۇ.

كۇره یولیدا یۇرۇپ،
مەپەك سۇئندیمۇ شەگگەن؟
سادیرنی تۇتۇپ بیرپ،
كوڭلك تندیمۇ شەگگەن؟

ئولۇم كەلدی بیشمغا،
تاپماقفا نیمە چاره؟
مەن بلمەس قانداق یامۇل؟
قلارمەن پاره-پاره.

مەن یامۇلدن قاچقاندا،
بر مانجۇ بلەن قاچقان،
سالاسۇنغا سولاپ قویۇپ،
قۇلۇپ تولغاب، تشك ئاچقان.

یامۇلدن قیچپ چقپ،
بەش كۇن ماگدم پییاده.
بر قالماق ماگدۇ دەیدۇ،
دوۋلەت بەرسۇن زیياده.

يامۇلدىن قيچىپ چىقىپ،
يانقان يىرىم يانىبۇلاق.
خۇدايىمدىن تىلەيمەن،
ماڭا بەرسۇن بىر ئۇلاق.

يوللاردا كيتىپ بيرىپ،
قاتتىق نىنىمنى ييدىم.
بىر مانجۇ سوراپ ئيدى،
مەن ئۆزەم خەلىدىن ديدىم.

سادىر دەپ ئيتىم قالدى،
داگىزىدا خىيتىم قالدى.
خىيتىمنى ئوقۇپ باقسام،
بەش بالام يىتىم قالدى.

مىنى ئۈرۈمچىگە پالايدۇ،
شاۋاخان توغاچ ياقىن.
بەش بالام يىتىم قالدى،
تىنەتمەي ئوبدان باقىن.

مىنىڭ ئۈچ بالام باردۇر،
چوڭى پەننىما ئوقۇيدۇ.
مىنى مويتوگىزىدا چاپسا،
تىنىمنى قاغا چوقۇيدۇ.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى،
دوڭ يامۇلغا قارايدۇ.
سادىر ئۆزى خوخەكزە،
ئۆلتۈرمەيدۇ، پالايدۇ.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ئاغامچا تېپىپ ئالدىم.
ئاسمىدىكى ئالا تاڭنى،
ئون سەرگە سېتىپ ئالدىم.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى،
ساغرىسىدا ئالىسى.
ئىلىدا خوتۇن قالدى،
قۇچىغىدا بالىسى.

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى،
زىلۋا قارىغاي چەكزە.
يامۇلدىن قېچىپ چىققان،
سادىر ئۆزى خوخەكزە.

بىر بوكەينىڭ غولىدا،
ئارپا تالقىنىنى چاچتۇق.
يايىلار قوغلاپ كەلسە،
قار كېچىپ، داۋان ئاشتۇق.

ختای چقدی يېپيلب،
سادير ئاتدى تېپينب.
دالدا قلغان قارا تاش،
جۇگامنى ئالدى يېپينب.

سادير مەنەی سادير مەن،
سادير بولمای نیمه مەن.
تاغ یوللیرینی سوریساڭ،
ھەممە جاینی بلیمەن.

سادیرنڭ ئەل-یۇرتینی، بالا-چاقیسینی سېغینب
ئېیتقان قوشاقلیری

ئاتیسیدن یېتم قالغان،
ئانیسیدن یېتم قالغان،
یېتم قالغاندا مەن ئالغان،
ھیمیدە ئاتلق ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئیتم ئاچ قالدی،
بر توکۇم سامان بارمۇ؟
ئاغزمغا ئلم سالغان،
ئیمام-مەزن ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئاتقا نان بەرگەن،
نورۇق ئاتقا چوب بەرگەن،

سادیر ئۇچۇن جان بەرگەن،
هېمیدە ئاتلق ئامان بارمۇ؟

ئویۇمنك توریدە یینب،
چاشقاننی ماراب یاتقان،
کالا گوشنی تەك ییگەن،
موشۇکلیرم ئامان بارمۇ؟

بوسۇغامنی بیسب یاتقان،
کیچە ـ کۈندۈز قاۋاب یاتقان،
جاپاییمنی تولا تاتقان،
بویناقلیرم ئامان بارمۇ؟

چوك ئاکامنك باللیری،
مینی کچك دادام دەیدۇ.
مینی کچك دادام دیگەن،
قۇلۇنلیرم ئامان بارمۇ؟

توقۇردا کشنەب تۇرغان،
تورۇق ئیتم ئامان بارمۇ؟
جاپاییمنی تولا تاتقان،
هیمیدە ئاتلق ئامان بارمۇ؟

ئالتنچی ئاینك ۋاختیدا،
دەل ـ دەرەخلەر پشیدۇ.

ئوزى پشب ئوزى چۈشكەن،
ئالما-ئۆرۈك ئامان بارمۇ؟

پوماچخان دەب بالام بار،
دادام دەيدۇ ھەجەب تاتلق.
بەش بالامنڭ ئچيدە،
كچيگى دانيخان ئاتلق.

سادىرنڭ دۈشمەنلەرگە قارىتب ئيتقان قوشاقلىرى

يامۇلنڭ ياغاچلىرى،
ئيگز قارىغاى چەگزە.
سادىر ديگەن خوخەگزە،
قوليدا قلچ، نەيزە.

ئات منم كۈرەڭ قاشقا،
سەكرەيدم تاشدىن-تاشقا.
چيرك ئاتيدۇ تاشقا،
سادىر ئاتيدۇ باشقا.

١

ئاق بوز ئيتم ئامدانمۇ؟
كوك بوز ئيتم ئامدانمۇ؟
پۇل ئيبپ بەرسەم ئامدانمۇ؟
سادىر ئوزى يامانمۇ؟

مينى ئۆتيمەن ديگەن،
سەن تاغلق نارا تاغلق.
مينىمۇ ئۆتالمايسەن،
ئوغۇل بالا مەن خاكرىق.

سادىرما ئوغۇل بالا،
باۋان يەرنى خالايدۇ.
بر يامبۇ ئيتب قويسام،
ئولتۇرمەيدۇ پالايدۇ.

AltunOq

## 1916 قوشاقليرى

پادشاه جاللادليرى تەريفيدىن قايقا داۋانيدا ئيتلب ئولتۇرۇلگەن تەمگەكچيلەرگە قاريتب قوشاقچى ئولانانڭ چقارغان بيينلىرى.

قايقا داۋان تاغليرى،
توكۇلگەندۇ قانليرى.
تۇتۇب نەيزە سالغاندا،
سيقريغاندۇ جانليرى.

تاڭلا تاڭلا خالاييقلا،
ئولاتا ئييتقان بييتنى،
لاشمانلققا تۇتۇب بەردى،
ھەمەم ديگەن شيھيتنى.

توخنيياز ديگەن باتۇر،
قايقا ئۇستيدە ياتۇر.
كوپنڭ سوزينى سوزلەب،
ئوز بيشينى يەپ ياتۇر.

يەلكنى كولاۋيتب،
كەتمەن قايريلب كەتتى.
قايقينڭ شيهيتليرى،
ياش تۇرۇب ئولۇب كەتتى.

قارا — قارا قاغيلا،
باللىريغا دان بەرگەن.
كچيكنه مۇساباي،
قايقى ئۇستيده جان بەرگەن.

توخسۇن ئاكا نيمه بولدۇڭ؟
بر قورادا ئۇلتۇرماى.
گۇلشەم چوڭنام ييغلايدۇ،
يالغۇز ئويده ياتالماى...

دۇشمەنلەر چقب كەلدى،
قايقى ئۇستيدن ئوتۇب.
شيهيت بولغان ييگتلەر،
قالدى قانلارغا پيتب.

يۇقۇردن چۇشۇب كەلگەن،
جەرەن ئاتلق جارۇللا.
قايقى ئۇستيده ياتۇر،
جەرەن كوزلۇك جارۇللا.

قايقا يولى تار ئيكەن،
ئىككى يېقى قار ئيكەن.
بيلەر چوڭنام بيچارە،
بر كورمەككە زار ئيكەن.

ئوستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شيخى يالغۇز.
جينمغينا شۇ ئاتام،
قايقا ئۇستيدە يالغۇز.

ئالما ئاتدىم دەرياغا،
لەيلەۋالدى، چوكمەيدۇ.
قيرلىداشنىڭ ئوتليرى،
يالقۇنلايدۇ، ئوچمەيدۇ.

ئوقنى ئاتدى يۇرەككە،
يينب نەگدى پيلەككە.
ئاق پادشاهنىڭ قليغى،
تورناب كەتدى يۇرەككە.

تشك ئالدى توپ سيدە،
ئاتقا سيلب بيرەى بيدە.
زالملارنىڭ دەرديدە،
بولدى يۇرەكلەر زيدە.

ئوستەڭ ياقيلاپ ميڭب،
ئانقامچا تيپپ ئالدم.
لاشمانلقا كەتكەنلەرنى،
قوشاقا قيتب ئالدم.

ئۈچ يۈز ئاتمش كۈنلەردە،
يغليغاندۇ چۆللەردە.
ئۇششاق باللىرى بارلا،
زار يغلايدۇ يوللاردا.

كەچ كردى زاۋال بولدى،
دازۇزلارنى ئەتكەندۇ.
شيهيت بولغان ييگتلەر،
قانغا پيتب ياتقاندۇ.

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن،
بوڭيوك قۇڭغۇز ئەمەسمۇ؟
باليلارنى تۇتۇپ بەرگەن،
ئازات تۇڭغۇز ئەمەسمۇ؟

ياز كيلب سايريدى بۇلبۇل،
كوك چيمەن باغ ئچيدە.
ۋاقتسز جينڭنى بەرديڭ،
چول-ياۋان، تاغ ئچيدە.

ئاتلارنى قوشۇپ يانا،
ماڭدى قىرغىز سايىغا.
تاغ، دېڭىز تىترەيدىكەن،
قوما-قىرىنداش ۋايىغا.

ئاسماندىكى ئاي قايدا؟
ئاۋات دېگەن جاي قايدا؟
يۇرتنىڭ كۆز نۇرى بولغان،
توختىنىياز باتۇر قايدا؟

چۆل قايغىنىڭ بېشىدا،
قار كۆچمەي يېتىپ ئالدى.
شېھىت بولغان ئەرلەرنىڭ
باللىرى يېتىم قالدى.

قايغا يولى ھەيۋەتلىك،
بۇلاق سۈيى شەرۋەتلىك.
مەقسىدىگە يېتەلمىگەن،
كىر يىماخۇن رەھمەتلىك.

لاشمانلىقا ماڭغاندا،
ئەل غەمدە يىغلاپ قالدى.
«خوش جېنىم بالام!» دېيىشىپ،
قارا كۆزگە ياش ئالدى.

خوتۇنلار تولا يغلاب،
ياغلق ئۇچى هول بولدى.
ياش باليلار ئشقا كيتب،
مەللە ئچى چول بولدى.

ئشيگگدە سۇ ئاقار،
سۇ تيگيدە قۇم ئاقار.
لاشمانلقا كەتكەنلەرنڭ،
باللىرىنى كم باقار.

توستەڭ بويى سۇزۇك تاش،
ماڭغانلارنڭ كوزى ياش،
بۇ فەرماننى چقارغان،
نيكولاى زالم باغرى تاش.

ئاتا-ئانا بيچارە،
زار يغليشب قالماقدا.
ديلى قارا نيكولاى،
ياش باللارنى ئالماقدا.

ئوستەڭ ياقيلاب ماڭسام،
ئورۇسلارنڭ مونچيسى.
لاشمانلقا كەتكەنلەر،
قزل گۇلنڭ غۇنچيسى.

پەرەڭ ياغلق نيكپسز،
ئۈنى ئوڭمەيدۇ دەمسز؟
ئيريڭزنى سيتبۇەتلدى،
بزنى بلمەيدۇ دەمسز؟

قارغاينڭ يوپۇرميغى،
قاتما-قات بولار ئيكەن.
قيرنداشدن ئايرلساڭ،
خوبما دەرد تولار ئيكەن..

گۈل تيرب ئەينەككە قويدۇم،
قسقيلى باللار قينى؟
ئاش تيرب ساندۇققا قۇيدۇم،
بيگيلى باللار قينى؟

تاققا چقدم كيبك ئاتدم،
ئارتقيلى ئاتلار قينى؟
كوتۇرۇب ئويگە كەلدم،
بيگيلى باللار قينى؟

سۇ بويدا ياش تاللار،
تال ئيگلدى پەس بولدى.
زالملارنڭ قوليدا،
كۈن ئالماقما تەس بولدى.

ئسپيسكينى تالاشقان،
ئافسۇ بلەن دولاتا.
بۇ قوشاقنى كم قوشقان؟
ئوسمان بۇزلۇك ئولانا.

حيساميدن شاعيرنڭ يارکەنت باليليرينى لاشمانلقا ئيلب
ماڭغاندا قوشقان قوشاقليرى.

کەميسسيە دوختۇرلا،
ياش باللارنى كوريدۇ.
— ماڭ ئالديغا سەن ئوت! — دەب
کەمبەغەلنى ئۇربدۇ.

بز يارکەنتدن چققاندا.
ئانلار قالدى تزيلب.
ئامان بولساق قايتارمز،
رۇسيەنى ئايلينب.

يارکەنتدە ئمککى ميچت،
برى خۇليە برى تاش.
لاشمانلقا کەتکەنلەرنى،
کورمەميکن عيزيز باش.

يار كەتتنڭ باللىرىنى،
ھاجى توڭغۇزغۇ ـ ساتتى.
پۇلىنى ئوزى ئىلىپ،
قوسىغىنى يوغاتتى.

بز يار كەتتدن ماڭغاندا،
ئويار باشلىق ئۇزاتتى.
ئوسەكدن بز ئوتكەندە،
قىيامەتنى كورسەتتى.

دەريا بويىغا كىلىپ،
قىلۋىدن بوران بولدى.
لاشمانلىقا ماڭغانلار،
يغلىشىپ راۋان بولدى.

شاكرجاننڭ دوپپىسى،
ياغاچ قوزۇقدا قالدى.
شاكرجاننڭ ئانىسى،
ھەسرەت ـ قايغۇدا قالدى.

پۇتۇمدا يوغان چورۇق،
يولدا ماڭدم چاڭ ئىتىپ.
لاشمانلىقا ماڭغاندا،
ئانام قالدى زار ئىتىپ.

ھاۋۇدا كېتىپ بېرىپ،
كەينىمىزگە قايرىلدۇق.
تەلەيسىز ئىكەنمىزدۇ،
ئانا-ئانىدىن ئايرىلدۇق.

خامانغا كەلگەن باللار،
ئەندى بولدى تېپىنچى.
ئىگەنى باشقا قويدۇق،
قوقۇم بولدى يېپىنچى،

ئورۇس ھارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
لاشمانلىقا بارغاندا،
كۆن ئالماققا تەس ئىكەن.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
بىزنىڭ ئۆينىڭ ياغىچى.
ئاھ دىسەم ئاۋۋال كەندى،
قارا كۆزۈمنىڭ يېشى.

ئاماز دۆڭنىڭ باغرىدا،
ئۇششاق-ئۇششاق قارا تاش.
لاشمانلىقا ماڭ دەيدۇ،
ئىسلام ئاخۇن ئەللىك باش.

ئوستەك سۇبى ئيچلدى،
تۇغانليري چيپلدى.
لاشمانلققا كەتكەنلەر،
مال ئورنيغا سيتلدى.

يار كەنتنك بازاريغا،
كر گەندۇ ئۇلاق، سامان.
ئاكلاكلار ئاغينيلەر،
بزنى كويدۇرگەن زامان.

ئيتمنى توقۇب قويدۇم،
يوبۇق ياپيمەن ئەندى.
سويگەن ياردن ئايريلب،
يالغۇز ياتيمەن ئەندى.

ساندۇق ئچيدە ئۆزۈم،
يغلايدۇ قارا كوزۇم.
كشينك يۇرتى غيربلق،
ئوتمەيدۇ مينك سوزۇم.

كيليمەن ئۇزۇن يولدا،
كەينيمزگە قايريلب.
قاربماس ئيدم دوستلار،
ئانام قالدى ئايريلب.

بزنڭ تاپقان پۇليمز،
نيكولاينڭ قوليدا.
خويما زيلۋا ييگتلەر،
لاشمانلقنڭ يوليدا.

ئيمپيراتور پادشاھدن،
ئويازغا كەلدى بۇيرۇق.
ئاقساقال حاجى بولۇس،
بزگە قلماقدا زورلۇق.

ئاقساقالغا يالۋۇرسام،
«ئويلاب باقايلى» ــ دەيدۇ.
حاجى قالماق بولۇسدن،
«سوراب باقايلى» ــ دەيدۇ.

ئاقساقالغا يالۋۇرسام،
«ئاقچاڭ بولسا بەر» ــ دەيدۇ.
پۇلۇڭ بولمىسا سينڭ،
لاشمانلققا بار دەيدۇ.

لاشمانلققا ماڭغاندا،
يار كەنتلەرگە قار ياققان.
قيمم بەگ حاجى بولۇس،
بزنى ئاقچيغا ساتقان.

ھەجەبما قورقۇب كەتدۇق،
زالملارنڭ زۇلميدن.
ئاتا-ئانا خەت سالغن،
يۇرۇب تۇرغان پوچتيدن.

كوميسسييە دوختۇرلار،
ئاغرق-ساقنى ئلغايدۇ،
«ئاغرق بولۇب قالساڭ»—دەب
ئاتا-ئانا يغلايدۇ.

قوليمزدا ئاق ياغلق،
كوز-ياشلارنى ئيتيمز.
ئاتا-ئانينى تاشلاب،
يۇرتدن قانداغ كيتيمز؟

يار كەنتدن چقب كەتدۇق.
ئالمۇتيغا بز يەتدۇق.
قشنڭ كۇنى سوغلاردا،
عازابنى تولا تارتدۇق.

ئالمۇتا خەلقى بزگە،
چاجان قلدى يوللاردا.
خوشال بولدۇق ئۇلاردن،
رەخمەت ئيتدۇق ئۇلارغا.

پادشاھدىن بۇيرۇق كەلگەن،
ملۇ لاشمانچى ئالسۇن دەب.
كوپ ئادەم دۇگا قلدى،
ئامان ئيسەن يانسۇن دەب.

لاشمانلققا ماڭماسدا،
كوپ ئادەم ئيتيلب كەتكەن.
زالم بولۇس، ملۇ بيشى،
ئاقچيغا سيتيلب كەتكەن.

لاشمانلققا ييزب ئالدى،
ملۇ بالينى ياريتب.
ناميزيمزنى چۇشۇرگەن،
قيلۇى ياققا قاربتب.

قۇرئان ئاستيدىن ئوتتۇك،
موللاملار ئوقۇب تۇردى.
«جيدەل چقميسۇن »دييشب،
ئوبازلار قاراب تۇردى.

بزنى پادشاھ ئالغاندا،
«ئاكوپ كولايسەن» ديگەن.
«قايتب كەلمەيمز» دييشب،
عيزيز جاندىن غەم ييگەن.

بيچاره لاشمانچيلار،
زالملارغا باغلانغان.
ئاخشيمى ئاخشا ئيىتىب،
كوچيلارنى ئايلانغان.

كوچيلارنى ئايلينب،
يار بوييدا تۇرغۇزدى.
«بولغۇن، تۇزۇك ماڭغن» دەب،
پوليتسييگه ئۇرغۇزدى.

بز كەلگيچه ئانيلار،
ئامان بولسۇن باليلار.
ئامان بولساق قاينارمز،
ئوسه كەلكى كوك تاللار.

هەر جۇمەده توپلۇشۇپ،
ئوسەك بويلاب ئويناتدۇق.
بزنى تۇققان يۇرتيمز.
يار كەنتيمزگه تويماندۇق.

لاشمانلققا ماڭغاندا،
يار بوييدا ئانام قالغان.
«ئامان بول ئانا...» ديسەم،
ئۇن سيلب يغلاب قالغان.

بازار تەرەفكە ماڭدۇق،
«زامانەى» دەب ناخشا ئيتب،
سوغلاردا ئيلب ماڭدى،
كەمبەغەلنى قاخشيتب.

هاۋادا ئۇچۇب يۇرگەن،
ۋيچر-ۋيچر قاليغاچ.
لاشمانلقا ماڭغاندا،
بالام قالدى ياليڭاچ.

حيساميدن شاعير باشلق يۇزوفكيغا بارغان باليلارنڭ خاڭدا
هەم ۋاگون يولليريدا ئشلەب يۇرۇب ئيتقان ناخشيليرى

ئالمۇتيدن خەت سالدم،
يېرم ئالميني چشلەب،
ئامان بولساق قايتارمز،
ۋاگون يوليدا ئشلەب.

ۋاگون يولى قايدادۇر،
توپراقليرى مايدادۇر.
لاشمانلقا كەلگەنلەر،
قارا سۇخار نان يەيدۇر.

يۇزوفكيغا بارغاندا،
خاڭدا كومۇر كوليدۇق.
كيىم ـ كيچەك يوقيدن،
برمۇنچيلەر توڭليدۇق.

خاڭنڭ ئاستيغا كرب،
كومۇر بلەن تاش ئالدۇق.
باليلارنى خيال قلب،
قارا كوزگە ياش ئالدۇق.

خاڭنڭ ئاستى قاراڭغۇ،
ماڭالميدۇق يول تيپب.
قوللار قاپيرب كەتدى،
كومۇردەب تاشنى چيپب.

ۋاگون يوليغا بارغيچە،
چاپينەنى سايە ئەتلم؛
سنايدا ئوزەم ييتب،
ئاتا ـ ئانامنى ياد ئەتدم.

ييراق باريمەن ئاتا،
كومۇر كولايمەن ئاتا.
كشينڭ يۇرتيدا يۇرۇب،
قانداق توزيمەن ئاتا.

ئوزەم خاڭدا ئشلەيمەن،
ئايلىغمغا بەش تەڭگە.
كوڭلۇم مۇبتالا بولدى،
تۇگۇمەس ئازاب-غەمگە.

قلۇيدىن شامال چقسا،
دەرەخ ئيگىلەى دەيدۇ.
يۇرتۇمنى خىيال قلسام،
ئوپكەم ئورىلەى دەيدۇ.

دۇتار پەدىسى پەدە —
پەدىسى غۇلاچ يەردە.
مىنى قايدا دەب سورىساڭ،
يۇزۇفكا دىگەن يەردە.

قايناب تۇرغان بۇلاقتا،
چوموچ سالسام چوكمەيدۇ.
لاشمانلقدىن خەت سالسام،
يۇرتقا بىرب تەگمەيدۇ.

قاتار-قاتار قاغىلا،
بارساڭلار سالام دەڭلا.
مىنى ئاتام سورىسا،
خاڭدا ئشلەيدۇ دەڭلا.

لاشمانلققا ماڭغاندا،
پۇتلار تيشىلىب كەتكەن.
قزل گۆلدەك يىگىتلەر،
خاڭلاردا ئۆلۆب كەتكەن.

ئيتزديكى بوز تورغاى،
باللىريغا دان بەرگەن.
تۆداخۆن جيگەر دوستۆم،
خاڭ ئاستيدا جان بەرگەن.

يۆزوفكا ديگەن يەردە،
ۋاگونلارنى هايدايمز.
قالغانلار دۆعا قلسۆن،
ئامان بولساق قايتارمز.

كەتمەن بلەن گۆجەك بار،
لاشمانلارنڭ قوليدا.
ئولسەك جينيمز فيدا،
كەمبەغەلنڭ يوليدا.

يۆزوفكيغا بارغاندا،
ئشليدۆق كومۆر خاڭدا.
كيچە- كۆندۆز ئشلەبما،
زادى تويميدۆق نانغا.

كىچىلەردە ئىشلەيمز،
خاڭلاردا كومۇر تاشقا.
چاپسان بول دەپ ئۇرىدۇ،
قامچىلار بلەن باشقا.

ئاتا-ئانام سوريسا،
يۇزوفكا شەريدە دەڭلا.
قوليدا كەتمەن گۇجەك،
ئىشلەپ يۇريدۇ دەڭلا.

كەتمەن بلەن گۇجەكنى،
تاش كومۇرگە چاپيمز.
يار كەتتە ئامان بارمۇ،
بزنى تۇققان ئانيمز؟

يۇزوفكيدا ئىشلەيمز،
يەرنىڭ ئاستيدا — خاڭدا.
خۇدايمغا يىغلايمز،
سەھەر ۋاختيدا — تاڭدا.

زەمبلدە كومۇر توشۇپ،
قوللار قاپيرپ كەتدى.
قوساق ئىچى يامان ئىكەن،
بەللەر پۈكۈلۈپ كەتدى.

بۇرمۇنچىمز ئىشلەيمز،
پويىزدلارنىڭ يولىدا.
تولا عازابلار كوردۇك،
زالىملارنىڭ قولىدا.

قايان بىرشنى بلمەي،
پىنزيدا ئۈچ ئاي تۇردۇق.
جاندارما پولىتسىيدن،
تۇگۇمەس عازاب كوردۇك.

ئاسمانغا چقاي ئيگز،
بۇلۇتقا سالاي كيگز.
زالىملارنىڭ كوكسىگە،
سانجىيمەن تومۇر بيگز.

قوينۇمدىكى توغاچنى،
سىيادان سيلب ياققان.
باي بالليرى ئورنيغا،
بولۇس، بەگلەر بزنى ساتقان.

ناغرا، دۇمباق چيلندى،
يغا ئۈنلەر تارالدى.
ئاۋات بولغان شۇ يار كەنت،
يارات ئايدا بۇزۇلدى.

ئافسۇدن باليلار ماڭغاندا، ئامانباقى دیگەن قوشاقچینڭ ئیيتقان قوشاقليرى.

ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم،
«دانشمەن» ئەللك بيشى!
«قرق ييگت بيرەى» دەب
قول قويغان ئەللك بيشى.

قرق ييگت ئاتلانسا،
كورۇنمەس ساينڭ تيشى.
لاشمانلققا ماڭغاندا،
قۇريميدى كوزنڭ ييشى.

لاشمانلققا ماڭغاندا،
كەينيمزگە قايرلدۇق.
تۇرۇق-تۇققان، قيرنداش،
بز ئاۋاتدن ئايرلدۇق.

قارا ئيتم تاى ئيدى،
يوغان بولدى ئات بولدى.
لاشمانلققا كەتكەنلەر،
نيكولايغا خار بولدى.

ئاق كەپتە، چلان كەپتە،
ئاق بۇغدايدن دان يەيدۇ.

لاشمانلققا بز ماگدۇق،
ئاتا ــ ئانا غەم يەيدۇ.

ئويازدن بۇبرۇق كەلدى:
«ئۇچدن برينى ئال» دەب.
كەمبەغەللەر يغلايدۇ،
بولۇسلارغا بارماي دەب.

باينك باللىرى قالدى،
بولۇسلارغا پۇل بيرب.
گاداي باللىرى كەتدى،
ييرتلغان چاپان كييب.

ئانمش بەشچە بالينى،
ئالديغۇ ئلغاب تۇرۇب.
چاپسان بول دەب هايديدى،
قامچيلاب ئۇرۇب تۇرۇب.

ئالتە يۇزچە بالينى،
بر ـ بردن ساناب قويدى.
بولۇسلارنى تلليسام،
زەى ئويگە سولاب قويدى.

لاشمانلققا بار دەيدۇ،
قايسى يەردۇ بلمەيمز.

خوش دوستلار ـ ئاغىنىلەر،
بز ئاۋاتقا كەلمەيمز.

كوپ ـ كوك يىشل پوتامنى،
بىلمغا باغلاب قويدى.
تۇرسۇندەك ياﻻقچىنى،
يۈز بىشى سايلاب قويدى.

ئاقساقالنى تللىدم،
بزگە قلدى كوپ زورلۇق.
ــ لاشمانلققا بارمايمز،
سىتب ئالغان قۇلۇك يوق.

بالىلار لاشمانلققا ماڭغاندا، ئاتا ـ ئانىلار تەرىفىدن
زارلىنب ئىيتلغان قوشاقلار.

هورۇن باققا گۈل تەرسەم،
ئىچلماى توزۇب كەتدى.
لاشمانلققا كەتكەن باللار،
ياش تۇرۇب ئولۇب كەتدى.

ماساق تىرب، دان تىرب،
جان ساقليدۇق هەممىمز.

يۇرتىمىزدىن يوقالدى،
قايان كەتتى باليمز.

تاش ئاتتىم سايغا چۈشتى،
سايىنىڭ تاشلىرى ئۇچتى.
جان بالام، جىنىم بالام،
قارا كوزۇمدىن ئۇچتى.

قارا-قارا قاغىلا،
ئىگىز-ئىگىز ئۇچۇڭلا.
مىنىڭ بالام نەلەردە،
خەۋەر بىرىپ تۇرۇڭلا.

تام ئۇستىگە تام سالدۇق،
ھۇلىنى يوغان قۇرۇپ.
باليلىرىم بۇرگەندۇ،
مۇڭلۇنۇپ، غىرىپ بولۇپ.

ئالتىنچى ئاي باھاردا،
ئارا-گۈجەك خاماندا.
باللىرىمنى يادلايمەن،
بىر كورۇشكە ئارماندا.

ئوت يىقلدى بۇ جىنىمغا،
ھىچ كىشى بلمەس ئۇنى.

خۇدايمغا تاپشۇرۇپ،
يانيمەن باليلار سينى.

غەيرىتم چان قۇۋۋيتم،
پىنمديكى رۇستەمليرم.
سۇ قۇيۇپ تەربىيە قلغان،
باغديكى بوستانليرم.

ئات ۋە هارۋۇلار بلەن،
ماڭديلەر قرغز سايغا.
تاغ، ديڭز نترەيديغۇ،
قومى-قبريندااش زاريغا.

خوشلۇشۇپ قالدى سلەردن،
ئافسۇ، كەتمەن تاغليرى.
ئۇزۇلۇپ كەتدى قولۇمدن،
بۇ يۇرەكنىڭ باغليرى.

بۇ يۇرەك قاينايديغۇ،
ئوت ئۇستيديكى چەينەكدەك.
ئارقاڭلاردا بز قالدۇق،
كاككۇك بلەن زەينەپدەك.

ئەندى مەن قانداغ قلاي،
بۇ ييگتلەر بەختينى.

ساخلىغىل ئاللا كىرم،
ئوت ئچىدە پاختىنى.

بايلار غەم قايغۇ قلماس،
بارچىسى ئويدە يىتب.
قايتب ئالدى باللىرىنى،
بەعزىسى بە گدن سىتب.

بىچارە بۇ باللىرمنك،
تىپبلارمۇ خۇشلىغى.
باغدن ئوزۇب گۇلنى بەرگەن،
ئوزيمزنك بوشلىغى.

توپلۇشۇپ كەلدى ئۇچۇب،
تاغۇ۔سەحرا چوللىرى.
چىنيگە ئيلب قويۇب،
قسماى كەتكەن گۇللىرى.

كەلمىگەن مۇندا غ بالا،
كورمىگەى ئاتا، بوۋا.
قومى۔قيرينداش قلسۇن دۇعا،
بوقدۇر بيلەك مۇندن داۋا.

نائيلاج ياشلىرمنى،
كورگيلى بولارميكن.

تەندە ئامانەت تۇرار جان،
سەن كەلگىچە تۇرارمىكن.

بۇ قىرىلار ئىزىلىپ،
ھەر قەدەمدە مىڭ جافا.
رەھىمسىز بۇ بەگلەردىن،
ھىچ ۋاقت كورمەس ۋافا.

يار بويىدا بەش ئودەك،
بەشىلىسى بىر خالدەك.
لاشمانلىقا كەتكەن باللار،
توزۇپ كەتكەن قىزل گۇلدەك.

ئىگىز دوڭگە ئوي سالدىم،
قۇم چوڭگۇنگە چاي سالدىم،
لاشمانىدىكى بالامغا،
پوچتا بلەن خەت سالدىم.

ھەمىسىنى قلب يۇرگەن،
حاجى بولۇس ئەمەسمۇ؟
ئۇ دۇنياغا بارغاندا،
خۇدا جاجىسىنى بەرمەسمۇ؟

يۇقارقى گىزەرمىگە،
سولاب قويدى بالامنى.

قانداغ تاشلاپ كيتەرسەن،
يېتىم بالام ئاناڭنى،

ئون ئالتنچى يىلىدا،
مالاى بولدۇق ھەممىمىز.
باليلاردن ئايرىلىپ،
قانداغ كۈنلەر كوريمز.

ئالىملار پىشپ قالدى،
يېشل باغلار ئچيدە،
ئامان يانغىن سەن بالام،
يالغۇز ئاناڭ بەختىگە.

ئوك قولۇمدا ئوك ئۈزۈك،
سول قولۇمدا سول ئۈزۈك،
بالامدن ئايرلغيچە،
ئولۈپ كەتكىنم تۈزۈك.

يۈز بىشيغا يغليساق،
سوزگە قۇلاق سالمايدۇ.
ماندان قيينچيلقدا،
باللار ئامان يانمايدۇ.

تەمبۇرەمنى چيكيمەن،
كۈندە يغلاپ، ئاخشا ئيىتپ.

ئۇخلاب يىتىپ يىغلايمەن،
قادىر جاننى ياد ئېتىپ.

چىغلىق تىكەن ئىچىدە،
قۇمدىن تولا ئاق توشقان.
بۇ قوشاقنى قوشماتدۇق،
دەردكە پايلىماي قوشقان.

AltunOq

## نازۇگۇم بلەن باقی بیگتنڭ

## قوشاقلیری

باقی بیگت ــ ئالتای باقدم قویۇڭنی،
بر کورمیدم بویۇڭنی.
بر کورمیسەم بویۇڭنی،
بوری قرسۇن قویۇڭنی.
قویچی بولماس ئەر ئیدم،
قویچی قلدیڭ سەن نازۇك!
دوقنی بلمەس ئەر ئیدم،
دوقچی قلدیڭ سەن نازۇك!
قایناب تۇرغان قایناماغا،
قارماق سیلب باققان یوق.
ئالتی ئای یۇرۇب ئارماندا،
بر بویۇڭنی کورگەن یوق.
تال بویۇڭنی کورۇشکە،
قویچی ئاکاڭ ئارماندا،
نازۇگۇم دەب ئسنەیدۇ،
دەردلك کوڭۇل ئارقاڭدا.

نازۇگۇم — سەن سيغنديڭمۇ ميني؟
باقى يىگت — خويما سيغندم مەن سيني!
نازۇگۇم — سەن نە يير گدە سيغنديڭ؟
باقى يىگت — مەن جيگەرمدە سيني!
نازۇگۇم — سەن مينگدن سوريميغن،
كورگل چرابمدن ئيني.
سەن ميناڭ باقم ئيسەڭ،
دەرديمني بلگينڭ قيني.

باقى يىگت — كۈندە كورميدم يارني،
كۈنيدە كورەمەن دەب.
ئۈميد ئۈزميدم ياردن،
ئولميسەم سويەمەن دەب.
ئالتنچى ئاي كرگەن چاغدا،
ئارا-گۈجەك خاماندا.
نازۇك يارني كورۈشكە،
باقى يىگت ئارماندا.
نەچچەن كۈن بولۇب كەتدى،
نازۇك يارني كورميدم.
تەقدير بولسا كورەمەن،
تيخى ئۈميد ئۈزميدم.
ئالدمدن چققان بر تۇغ،
نازۇك يارنڭ ئايغيغى،
كوكۈلگە كەلگەن تۈيغۇ،
ئامراق كوكۈل بارغيغى.

## ئايغاقچى بلەن ئۇچرۇشۇش

باقى يىگت ـ نازۇك يارم ئامانمۇ،
ئايغاق دوستۇم ئىيتساڭچۇ؟
ئايغاقچى ـ نازۇك يارڭ ئامانىدۇ،
سويۇنچەڭنى بەرسەڭچۇ!
بۇ گۇن نازۇك ئويىدە،
ئلدام بيرب يەتسەڭچۇ.
باقى يىگت ـ ئانداغ بولسا مەن باراي،
مەندن خەۋەر ئىيتساڭچۇ.

نازۇگۇم ـ نازۇك قولۇم باغلاندى،
خەلق ـ عالەمگە ئاڭلاندى.
بى ۋافاسەن يار ئۇچۇن،
يۇرەك ـ باغرم داغلاندى.
باقى يىگت كەلسەڭچۇ،
يۇرەك ـ باغرم باسساڭچۇ.
بى ۋافالق قلماسدن،
ئەندى ئيلب قاچساڭچۇ.

باقى يىگت ـ نازۇك جىنىم ئىيب قاچاى،
ئاغى بولسا ئىيتساڭچۇ!

نازۇگۇم ـ بۇڭا ئاغى شۇ بولۇر،
يايلاق خەلقى جم بولۇر.

قاچقان باشدا مۇڭ بولۇر،
موككەن جايلار بۇك بولۇر.
بز گيتەرمز بۇ يەردن،
بارغان كەلمەس ديياغا.
ئانام، ئانام مۇڭ قالۇر،
كوڭۇللىرى دوق بولۇر.
ئستەكچيلەر جق تولۇر،
بز بۇ يەردن كەتكەندە.

باقى بيگت ـ ئچەيدم خۇما تايدم،
هەم كەيفمدن ئايرلدم.
ئوك قولۇمدا پەلييم،
شۇڭقارمدن ئايرلدم.
بارامسەن ديگەن يارم،
يانامسەن ديگەن يارم،
سەن مينگدن ئايرلساڭ،
ئولەمسەن ديگەن يارم.

نازۇگۇم ـ تاغدن چۇشكەن ساف سۇنى،
سۇزۇب ئچەر ئەر بارمۇ؟
نازۇك باشقا مۇڭ چۇشدى،
ئيلب قاچار ئەر بارمۇ؟

توۋەن چۇشەم، ئیگشەم،
ئالتۇن تاقام كۆمۈچەن.
بۇ جینمەن ئۇمید یوق،
ئیمان بەرسۇن بیهشدن.

توگیلەر پاتۇر ئویماندا،
باش بویلیسی بوینیدا.
مەن ـ مەن دیگەن نازۇكنی،
دۇشمەن ئالماق كویدا.

هاۋا تۇتۇلۇب چقدی،
قار ـ یامغۇرلار یاققیلی،
قانداغ چاغدا تورەلدم،
بار دەرد بولسا ئاتقیلی.

دارن ئوبی زینەتلك،
مینك یارم سوالەتلك،
ئۇ ـ باقیدن باشقا یوق،
نازۇك بلەن هەم دەردلك.

باقی ییگت ـ نازۇك كوڭۇل قسلما،
تۇتقۇن مەن دەب پۇشۇنما.
سینك نەركك ئوزەكدە،
باقی تۇرار سوزیدە.

تو گیلەر چاینار تال بیشی،
بۇ جایىگىز یار قیشی.
باقی ییگت ئامرافنىڭ،
نازۇك كو كۇل سردیشی.

نازۇ گۇم ـ نازۇك ئوزی ئۇتقۇندا،
باقی كوبەر ئۇچقۇندا.
مەن نازۇكنىڭ دەردیدە،
غیرب ئاغام پۇشقۇندا.

تاغدن چۇشكەن تورت ئاتلق،
تورتیلیسی بوز ئاتلق.
تورت ئاتلقنىڭ ئچیدە،
مینىڭ ئاغام سومباتلق.

قایناب تۇرغان قازانغا،
چومۇچ سیلب باققان یوق.
ئالتای ییتب قومۇشدا،
تەكییە قویۇب یاتقان یوق.
ئالتی ئای یاتدم قومۇشدا،
قومۇش ئاربلاب كۈن چۇشدی،
مەن نازۇكنىڭ بیشیغا،
تاغدن ئیغر مۇڭ چۇشدی.

توگیلەر ئاغزی قامقاقدا،
یالغۇز ئاغام قالماقدا.
ئنسافسز بەد قالماقنڭ،
قەسدی مینی ئالماقدا.

بۇلبۇل قۇشنی سولاب قویسا،
ئالتۇن بالداق قەپەزگە،
کوڭلی ئینڭ ئارام تیپب
قاچماق ئویینی قویارمۇ؟
مۇڭلۇق بولغان غیرب نازۇك
ئامراغیغا یانمیسا،
نازۇك کوڭلی ئامراغیدن،
بردەم نیری بولارمۇ؟
نازۇك باشنی تۇتقۇن قلسا،
کوڭلی ئینڭ تۇتقان یوق.
ئامراق ئۇچۇن قۇربان بولسا،
نازۇك باشدا ئارمان یوق.

## ياقۇب بەگ توغرلۇق ناخشا

تەيفۇلارنڭ ئاۋازى،
تەي تللادا پەرۋازى،
خوتەن شەھيرىنى ئالغان،
ياقۇب بەگنڭ سەربازى.

ياقۇب بەگنڭ سەربازى،
ئالتى شەرگە جق تولدى.
شاھى بلەن ئارچن بەل،
شيرن جانقا مق بولدى.

ياقۇب بەگدك ئەر بارمۇ؟
مانداغ سالغان شەر بارمۇ؟
ياقۇب بەگ چقب كەلسە،
دۈشمەنلەردە جان بارمۇ؟

ئايا سەربازلار،
حازر بولۇڭلار.

دۈشمەنلەر كيلب قالدى،
باتۇر بولۇڭلار!

ياقۇب بەگ ئوۋغا چقدى،
منگەن ئيتى بورغا چقدى.
ياقۇب بەگ ئولۇب كيتب،
بەش كۈنده غوغا چقدى.

يىگى شەرنڭ ئشىگى،
گايى ئيچيلب، گايى ييپيلۇر.
ياقۇب بەگنەك پادشاه،
ئەندى قايدن تيپىلۇر.

ئاسماندىكى فيرشته،
حۇرلار تونين كييشته.
يغليماڭلار ئاييملار،
ياقۇب بيگم بيهشته.

ئاقسۇ كاۋيسى دەمسز،
سورۇن يەرنى خاهلايدۇ.
قەشقەرنڭ عيز يزليرى،
ياقۇب بەگنى خاهلايدۇ.

ييجندن ختاى كەلدى
چشلىرينى هگگ يتب،

بەگ ـ غوجام قوپۇب قاچدى،
قۇيرۇغىنى دىڭ گايتب.

قەشقەردە شىھىت بولدى،
ياقۇب بيگم ــ بەدۆۋلەت.
ياقۇب بەگدن ئايريلب،
خەلقمگە يەتدى مىھنەت.

ياقۇب بەگ عادالەتلك،
خەلقلەرگە فايەتلك.
ئەندى قايدن تيپيلۇر،
ياقۇب بەگدەك دۆۋلەتلك.

ياقۇب بيگم جەڭ قلغان.
دۇشمەنلەرنى تەڭ قلغان.
عەسكەرنڭ نامىنى،
ئالتۇن ـ كۇمۇچ رەڭ قلغان.

ياقۇب بەگ ئوزى باتۇر،
دۇشمەنگە تەفەك ئاتۇر.
ئولگەن ختاينڭ بيشى،
ساينڭ تيشيدەك ياتۇر.

ياقۇب بەگ يۇرۇر خاندەك،
يۇزلىرى تولۇن ئايدەك.

ئاھو كوز قەلەم قاشلق،
كرفكلیری بوستاندەك.

یاقۇب بەگ كیرەكلكدۇر،
ئۇرۇشقا یۇرەكلكدۇر.
دۇشمەنلەرگە ھەر دائىم
قلیچی بلەكلكدۇر.

یاقۇب بەگ ئوزی ئۇبدان،
ئالتی شەرگە بولدی خان.
یاقۇب بەگنی ئولدی دەب،
ئاقسۇغا كەلدی تۇڭگان.

یاقۇب بەگ ئولگەن ئایدا،
بەگ-بەچچە قارا كییدی،
ئەندی كەلدی عەقلیگە،
دۇشمەنلەر ئشنن بلدی.

## كوچمەلەر ناخشىسى

بۇ يولدا تولا مىگىپ،
پۇتۇم قاپىرىپ كەتتى.
ھارۋىغا چۇشەي دىسەم،
ئوكۇز ئالدىراپ كەتتى.

بۇ يولدا تولا ماڭدىم،
بۇ يول مىنىڭ يولدۇشۇم.
ھىرىپ-ئىچىپ كەلگەندە،
سۇ بەرگەن قىزىندىشىم

خونخاي يولىدا تاللار،
ھەر تاللاردا ماجانلار.
سۇيدۇك شەرىيدە ئىشلەپ،
ئىقىپ كەتتى بۇ جانلار.

خويما خار بولۇپ كەتتۇك،
سۇيدۇك شەرىيدە ئىشلەپ،

يار خالنا ئەۋەتپتۇ،
بر توغاچىنى چشلەپ.

چيلەك-چيلەك دەيديكەن،
ماختيغانچە يار چيلەك.
كەلگەنچە ياياق كەلدۈك،
كەلميگەن شۇ پيلەك.

چوللەرگە چقپ كەتسەك،
چولنك بوريسى باردۇر.
كوچمەن كوچكەن ئەللەرنك،
قبرى-چۆريسى باردۇر.

كوچمەن كوچكەن ئادەملەر،
قلۇيغا قاراپ ماڭدى.
كوچمەى قالغان ئادەملەر،
خنايغا قاراپ قالدى.

ئوسەككە يارارمز دەپ،
تارانچى خىيال قلدى.
ياركەنت ديگەن يەرلەرگە،
كوچۇپ بارغانلار بولدى.

ياركەنت ديگەن يەرلەردە،
قارا ياغاچ كوپ ئيكەن.

غېربلق ئەسەر قىلسا،
خەلق دەردلىك بولار ئىكەن.

كەتمەيمز دېگەن بلەن،
خىيالار كىلىپ قالدى.
ئاق پادشاھدىن غۇلجىنى،
سوقۇشماي سوراپ ئالدى.

ئوسەككە بارارمز دەپ،
ئەسكى تام ئارا ياندۇق،
ئوي-جايىمز پۈتكىچە،
تام ئۈيلىرىدە ياندۇق.

ملك جافا بلەن سالغان،
قالدى باغۇ-بوستانلار.
جايىمزدىن ئايرىلىپ،
ئچدە قالدى ئارمانلار.

يىگى مابور يەر بەرمەس،
يول ئۇستىدە تۇرغۇزماس.
باشقا قانتىق كۈن چۈشدى،
بەش خولۇقدىن يەر تەگمەس.

## باياندای ئۇرۇشى

جاڭجۇڭ دیگەن چوڭ ختای،
باياندايدا ياتالماي.
قورشاپ ئالغان لەشكەرگە،
تۇمبەل بونى ئاتالماي.
مەككەم ئيكەن سيپيلى،
بۇلار ئۇردى ئاپالماي.
ئانداغ مەككەم سيپلنى،
قورشاپ تۇرغان لەشكەرلەر.
باياندايغا كرشكە،
قلالميدى ئيپپنى.

جاندن كەچكەن يارانلار،
فيدا قلب جينينى.
دەرۋازينى ياندۇرسا،
باغلاب ئالدى سيپلنى.

قالدى عەسكەر قايغۇرۇب،
باتۇر سادر خاكرۇق،
قولغا ئالدى تيششنى:

— يەر ئاستىدىن تىشەيلى،
دورا بلەن ئوت ياقاي،
ۋەيران بولسۇن سىپىلى.

مەسلەتىمىز دۇر شۇنداغ،
سىپىللەر كوككە ئوچدى.
ئاندىن لەشكە بۇگۇرۇب،
دۇشمەنلەرگە تىغ ئۇردى.

ئاندا قاتتىق جەڭ بولدى،
ئىككى ياقنىڭ ئولىگى،
سىپىل بلەن تەڭ بولدى.
قۇزۇمەت تاپدى قۇزغۇلاڭ،
دۇشمەن بولدى بىر تەرەف،
لەشكىرىدىن ئايرلدى.

جاڭجۇڭ باشلىق چوڭلىرى،
تورت ئىشككە يۇگۇرۇب،
بۇلار باردى ئالدىراب،
هەم ئولۇمگە ئولگۇرۇب.

شۇ كۇنىلا سەك هازار،
بىر-بىرىنى چىپىشدى.
تالقان يېگەن تارانچى،
نەعمەتلەرگە يېتىشدى.
ئازاد بولۇب خىتايدىن،
مۇڭلىرىنى ئېيتىشدى.

## كيگەن ئورۇشى

سارى جازغا يەتكەندە،
چوب قاليدوٗق ئوچاققا.
دارن بزنى پالايدوٗ،
خەت كەلمەيدوٗ بوٗچاققا.

كوٗرەدن چققان هاروٗۋ،
يانبوٗلاققا ياماشدى.
مەن يوٗرتوٗمغا قاريسام،
يىغا ماڭا ياماشدى.

تاخشيمى قاراڭغوٗدا،
غيجەك سوقيمز تاق-تاق.
نيمە تاپيمەن دەيسەن،
مەخپر شاڭ بيگى پاختەك.

توقيلەك بلەن شاكر،
بر كييك ئيتب كەلدى.

ساری جاز دیگەن یەرگە،
تومۇرشا ییتب کەلدی.

جىڭلاب بەرگەن ئۇنیدن،
ئیتب ئچیەز ئاشنی.
بۇیریسا کورەرمزمۇ،
ئاتا-ئانا قیرنداشنی.

پالۋانىڭ منگەن ئینی،
چۇشکەن یەردە ئیغینار
بیچاریمۇ پالۋانلار،
بالیلیرینی سیغینار.

# ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى

## ١. يائاللا نىشائاللا ساقلىغۇچى ئىگەم بار ناخشىسى

ئەھمەد خان خوجام بانۇر،
ئاق بۇزئات مىنىپ كەلدى،
شەھەرگە كىرىپ لەشكەر
دۇشمەنلەرنى ئۆلتەردى.

چەنفەنلەر قېچىپ كەتتى،
شىببىگە قويۇپ ئوتنى،
ئوت قويۇپ يىقتىدۇق بىز،
خىتاي ياسىغان بۇتنى.
يائاللا نىشائاللا، ساقلىغۇچى ئىگەم بار.

تۇڭگانىلار خوخەكزە،
بىللە شەھەرگە چۈشتۈك،
ئىسسىزلىقتا چىدالماي،
قۇدۇق سۈيىنى ئىچتۈك.

تولجیلارنی ئالدۇرمای،
توساپ تۇردی بزلەرنی،
ئەحمەدخان خوجام چابدی،
ئیلب چققان قزلارنی.
یائاللا نیشائاللا، سافلیغۇچی ئیگەم بار.

تالای یەرگە ئوت قالاپ،
بر کیچە تۇنەك قلدۇق،
ئەحمەدخان خوجام کەلسە.
پۇتینی تاۋاپ قلدۇق.

ختاینی ئیلپ کەلدی،
شی دارین دیگەن باشلاپ.
ختایلار قوپۇپ قاچدی،
ئوق دوریسینی تاشلاپ.
یائاللا نیشائاللا، سافلیغۇچی ئیگەم بار.

## ٢. گۇل مەعشۇق ناخشیسی

گۇل مەعشۇق مینك یارم،
ئشیگیدە تۇرامدۇ.
بیرب سوراڭلار یاردن،
مینك بلەن ئوینامدۇ.

هاۋادىكى لاچىننى
تور بلەن تۇتاي دەيمەن،
مەعشۇقۇم چرايلقنى،
سۆ بلەن يۇتاي دەيمەن.

يارنڭ باغى بار ئيكەن،
باغيدا ئانار ئيكەن،
ياڭغۇز دەب كوڭۇل بەرسەم،
بولەك يارى بار ئيكەن.

ئورۇلسەم تكەن ئاللا،
چورۇلسەم تكەن ئاللا.
سەندن ئوزگينى ديسەم،
باغرمغا تكەن ئاللا.

بارايلى ديمەبميلم،
يانايلى ديمەبميلم.
شەرتيمز قزل ئالما،
چشلىشب ييمەبميلم.

گۈلنى قاتار ئوينايلى،
هيچ كمەرسە تۇيميسۇن،
كمنڭ مەيلى كمگەدۇر،
قويۇب بيرك ئوينيسۇن.

كيتب باريسەن يارم،
قاچان كيليسەن يارم،

سینڭ كەلمیگەنڭ مۇشكۇل،
بیرب كوریمەن یارم.

مەن بارایمیکن ئاندا،
یار كیلەمدیكن مۇندا،
یارغا یار كیرەك بولسا،
قول سیلب كیلەر مۇندا.

یار كەندی یۇقالیشب،
مندم ئاتنی یاۋیداق،
یار ئەندی یاقماس بولدی،
فەلەك یاندیمۇ قانداغ.

فەلەك یانسا یانغاندۇر،
یینیما كیلەمدیكن،
كوڭلۇمدیكی یارمنی،
خودایم بیرەمدیكن.

یار دەردیدە ئاۋارە،
بولدی جگەرم پارە،
ئۇزەڭ بلیسەن یارم،
بۇ دەردكە نیمە چارە.

ئیتیكز توسۇن ئیكەن،
سۇندۇردی ئیگەرمنی.
ئانام بولسا ئالۇر ئیدم،
كونا یار جگەرمنی.

## ٣. جان لەيلۇن ناخشىسى

مەن مۇڭدا ناخشا ئېيتسام،
سەن ئۆيۈڭدە ئاڭلايسەن.
سەن ئۆزەڭ چۈگان خوتۇن.
قاچان قىزغا ئوخشايسەن.

ناخشا ئېيتىمەن بىلەن،
ئاڭلىغىن دىلىڭ بىلەن.
بەش كۈنلۈك بۇ ئۆمرۈمنى،
ئۆتكۈزەي سىنىڭ بىلەن.

غانجۇغامدا ئاغامچا،
ئۇردۇم سالمىنى ئاتقا،
سەن مىنى دىسەڭ يارىم،
كۆڭۈل بەرمىگىل ياتقا.

يۇقىردىن چۈشۈپ كەلگەن،
بىر يالغۇز قارا قالماق.
يارىم مەندىن ئايرىلسا،
يۈرەككە پىچاق سالماق.

ئام تۇۋىدە ئولتۇرۇپ
ئام باستىمىكىن يارنى،

چرايى ساغيرب قابتۇ،
غەم باستىيمىكن يارنى.

دەرديگنى ماگا ئيىتساڭ،
سىنڭ حالگغا مەن بەتسەم،
ئوزەمنڭ تلكيدە بولساڭ،
چول-ياۋان ئيلب كەتسەم،

ئويۇم يار بويىدا بولسا،
ئاغزم بلەن يەم بەرسەم.
غيقيدە ساقليغان يارنڭ،
قۇچيغيدا جان بەرسەم.

قاناتم بولسا مەن ئۇچسام،
يارم بار مەليگە چۈشسەم،
ياتار جايىنى مەن بلسەم،
ئيچب مەن قوينيغا كرسەم.

ئوزەم هاۋاديكى قۇشدەك،
كردم چاگينا ئزغا،
بر ئالمته خالتا بيرەى،
ئيتى ميهربان قزغا.

ئيتى ميهربان قزنى،
ئالسام ئارمينم يوقدۇر،

سويگەن يارنى ئالميسام،
ئوزگە لايىقم يوقدۇر.

قيشيڭز قارا ئيكەن،
هويليڭز ساراي ئيكەن.
مەن ئاخشام باراي ديسەم،
دۇشمەنلەر مارايديكەن.

ئاۋۋيليدن بار ئيكەن،
عاشققا قاراب تۇرماق،
كيلك يارم ئوينايلى،
حەددىمۇ ماراب تۇرماق.

ئشك كەينيدە تۇرۇب،
يۇچۇغيدن قارايدۇ،
خولۇم-خوشنيسى ئولا،
كۇندە كيلب مارايدۇ.

قلۇيدن شامال چقسا،
يار بۇرنۇمغا پۇرايدۇ.
خولۇم-خوشنيسى دۇشمەن،
كمدن بزنى سورايدۇ.

## ٤. گۈللەيلۈن ناغشىسى

چۈلۈقاينىڭ غوللىرى،
يانتاقلاق نوتۈن ئىكەن،
بزنى مۈنچە كويدۈرگەن،
قاراقاش خوتۈن ئىكەن

ئىگز تاققا مەن چقب،
بول ئىيىب چۈشەلمىدىم،
چرايىڭغا كويدۈم مەن،
عەقلىڭگە ئشەنمىدىم.

بىلىگزنى باغلابسز،
ئزمىگزنى ئەتمەبسز،
بىشىمزغا كۈن چۈشدى،
حاليمزغا يەتمەمسز.

ئچمەيمەن هاراقىڭنى،
تۈتقىنىڭغا هاشقاللا،
عاشقسز يۈرەلمەيدۈ،
يىگى ئوسمە ياش باللا.

عاشق بوليمەن دەيدۈ،
جانغا كويسە بولمامدۈ،

ئادەم باليسى تولا،
نەدرى بلسە بولمامدۇ.

ئچمەككە هاراق ئاچچق،
ئچكەندن كيين تاتلق،
ئاغزيدا ناۋات بارمۇ،
سويمەككە جۇگان تاتلق.

يارمنڭ ئيتى ئايخان،
ئاڭا كويۇدار بۇ جان.
كوڭلىگە ئازار بەرمەڭ
خۇش-خۇيى تولا ئۇبدان.

قوليدا پەرەڭ ياغلق،
يارم كوزيدە ياش بار،
يار كوڭلى بولەك ئيكەن،
باغريدا قارا تاش بار.

قاشيڭز قارا ئيكەن،
كوزيڭزگە كويدۇم مەن،
تليڭز تاتلق ئيكەن،
لىۋيڭزگە سويدۇم مەن.

قيشنڭ ئەسلى قارادۇر،
هوسما قويغينڭ يالغان.

مەن كويسەم ساڭا كويدۇم،
سىنىڭ كوڭگىنىڭ يالغان.

قوش تىرەك ئاراسىدا،
قول ئالغىنىڭىز قىنى،
ھەرگىز ئايرىلماسمىز دەپ،
قىلغان ۋەدىڭىز قىنى؟

تۈگلۈكدىن ئالاي ئاينى،
قوينۇمغا سالاي يارنى.
جان باغ-باغ ئىتەي يارنى،
ئىچلىسۇن ئىچى-قارنى،

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقدى،
ھەم تۇمان بىلەن مانان،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
ھەم ئاتام بىلەن ئانام.

## ٥. مەستانە يارىم ئاخشىسى

جىرغىلاڭنىڭ غوللىرى،
تارام-تارام كىچىگى،
جىرغىلاڭدىن بىر قىز ئالدىم،
قىزىل ئالما چىچىگى.

مەن ئوزەم هاراق ئچەرمەن،
هاشيخان داڭلق بلەن،
ئاچچيغى كەلسە تۇرادۇر،
قەليقەى ياغلق بلەن.

كەت! ــ ديسەڭما كيتيمەن،
كەتمە! ــ ديسەڭما كيتيمەن.
ئاريدا ئككى قونۇب،
يارم قيشيغا يتيمەن.

ئاه يارم تاڭلا كيلك،
تاڭلا تاڭ ئاتقاندا كيلك،
ئوزەم ئايۋاندا ياتارمەن،
ئالميلق باغقا كيلك.

شۇ كورۇنگەن قاراباغ،
مينڭ يارمنڭ باغيدۇر.
ديپينڭ تۇنى كيلۇر،
ديدار كۇرۇشمەك قايدادۇر.

مەن سيرق نمجان سيرق،
سارغايغينمنى كم بلۇر،
سارغييب ئشكدە تۇرسام،
ميهربان يارم بلۇر.

مەن بلۈرمەن سينى مەن.
كۆڭلۈڭ ماڭا مايل ئەمەس،
ئولتۇرۇب قان يغلسام،
سەندن مۇراد حاسل ئەمەس.

سەن ترك دەمسەن مينى،
مەنغۇ ترك ئولگەندۇمەن،
ترك ئايرلغان يارمنڭ،
ئوتيدا كويگەندۇر مەن.

گۈلمۇ خوب غۇنچەمۇ خوب،
ئيچلدۇرۇب قسقانمۇ خوب،
چوڭ بولۇب دەرد تارتقيچە،
كچك تۇرۇب ئولگەنمۇ خوب.

ساى بلەن يۇگرەب ئيدم،
سايدى ئاياقمغا تىكەن،
نيمە دەب يۇگرەب ئيدم،
يارم ماڭا باقماس ئيكەن.

كورمەين باستم تىكەننى،
تارتادۇرمەن دەردينى،
كورسەم ئەردم، باسماس ئەردم،
تارتماس ئەردم دەردينى.

## ٦. نازۇگۈم زاخشيسى

توگيلەر يانۇر قامقاقدا،
بر ئاغام بار قالماقدا،
ئنسافسز بەد قالماقنڭ،
قەسدى مينى ئالماقدا.

تاغدن چۈشكەن نورت ئاتلق،
تورتيليسى بوز ئاتلق،
تورت ئاتلقنڭ ئچيدە،
مينڭ ئاغام سۈمباتلق.

تاغدن چۈشكەن لاى سۇنى،
سۇزۇب ئچەر ئەربارمۇ،
نازۇك باشقا كۈن چۈشدى،
ئيلب قاچار ئەر بارمۇ؟

ئۈچ كۈن ياتدم قومۇشدا،
قومۇش ئاريلاب كۈن چۈشدى،
مەن نازۇكنڭ بيشيغا،
تاغدن تيغر مۈڭ چۈشدى.

نازۇك قولۇم باغلاندى،
ئولتۇرمەككە چاغلاندى،

فەشقەرديكى يارمغا،
يۈرەك باغرىم داغلاندى.

قاينىاب تۈرغان قازانغا،
چومۇچ سيلب باققان يوق،
ئالنى ئاى ياتدم قوەۇشدا،
تەھيبە قويۇب ياتقان يوق.

## ٧. ئانارخان ناخشيسى

دۇتار چيلب ئولتارسام،
خيياليمغا سەن كەلدك،
دەردك بولسا ئيبيت يارم،
مۇڭداشقينى مەن كەلدم.

جان دوستۇم، جينم دوستۇم،
خۇش كەلدك بۇيانمغا،
يار دەردى مۇنداغ بولسا،
دورا يەى بۇ جانمغا.

دەردى تولادۇر يارنك،
كۇڭلينك ئارامى يوق؛
ئويناب ئاليلى يارم،
بۇ ئشنك يامانى يوق.

مەن بيدەردى غەم بولدۇم،
غەمگە مۇبتالا بولدۇم،
بىر كورۇب جامالىڭنى،
عاشق بيقارار بولدۇم.

يارمنىڭ قارا ساچى،
چۇشۇبدۇر ياڭاقيغا،
يارمنى سويۇب قويۇب،
ئولەيمۇ تاياقيغا.

ئوگزيگە چقب تۇرسام،
چا توخۇ پالاقلايدۇ،
قزينى سويۇب قويسام،
ئانيسى ۋالاقلايدۇ.

يارم كيلەدۇر قاراب،
سۇنبۇل چيچينى تاراب،
مەن يارغا نيمە قلدم،
يامان كوز بلەن قاراب.

قوغۇن تيريدم تۇزگە،
هەم يازغا ۋە هەم كۇزگە،
سينى ئارزۇلاب تۇتسام،
چقمايسەن تالا تۇزگە.

قيشم تارتيدۇ مينڭ،
قەشقەردن يارم كيلۇر،
ئوزى كەلميسە يارم،
خۇش خەۋەر سوزى كيلۇر.

ئاخشى ئييتيدۇ دەيدۇ،
ئييتماى نە قلاى ئاخشى،
ئچيديكى دەردمنى،
خيیال قلميسام ياخشى.

ياخشى ئاتنى منگەندە،
براقدن كيلۇر تووشى،
ئاخشى ئييتسا يار كەلمەس،
ئەسلى بر گوگۇل خۇشى.

قاشنڭ قاريسى سەندە،
ئاى ئۇزۇگگە مەن بەندە،
چلليغاندا كەلميگەن،
ئۇزى قارا شەرمەندە.

يار بولسا تۇزۇك بولسا،
بەش قوليدا ئۇزۇك بولسا،
هەم مەگزى قزل بولسا،
هەم تەختى سۇزۇك بولسا.

گۆل غۆنچە گۆلی غۆنچە،
نیمە كویدۆریسەن مۆنچە.
قیشمدا تۆرمیدك بۇردەم،
مینك كوڭلۆم ئیچلغۆنچە.

گۆللەر ئیچیلب قابتۆ،
تاغ باغریدا لەیلیلە،
بزگە باڭلیشای دەبتۆ،
ئچی كویگەن ئاشنیلە.

یار ئشیگیدە تۆرسا،
چك مودەن ئیچلغاندەك،
یار بلەن یاتارمەنمۆ،
سوعا سو قوشۆلغاندەك.

یارنك بیغی بار ئیكەن،
بیغیدا ئانار ئیكەن،
یالغز دەب كوڭۆل بەرسەم،
بولەك یاری بار ئیكەن.

## ٨. ئویناك تورەم ناخشیسی

قولیدا چیكم یاغلق،
یار كەتدی یۇقالیشب،

بر ساعەت ياتارمەنمۇ،
يار بلەن قزچاغليشب.

قار اگغۇدن قورقمايمەن،
ئوك قولۇمدا تاشم بار،
خونۇخايغا بارمايمەن،
چوقۇردا ئاداشم بار.

يارم بەرگەن ئۈچ ئالما،
ئۈچى ئۈچ بولەك ئيكەن،
مەقسەدكە يەتكۈزميگەن،
عەجەب كاژ فەلەك ئيكەن.

لف-لف ئيتەدۇر كوگلۈم،
يار قيشيغا بارغيلى،
ليۋيگە سويۇب قويۇب،
تەننى تازا قلغيلى.

كوگۈل بەرمەيسەم يارغا،
ئوق تەگمەس ئيدى جانغا،
كوگۈلنى قويۇب بيرب،
يۇرەك ئوريلۇر قانغا.

جان ئچيدە جانان قز،
جانغا ئوتنى ياقغان قز،

قاشلىرى ئۇنڭ مەجنۇن،
ساچلىرى سۇلايمان قىز.

قېشىڭنىڭ قاراسىغا،
خال بولاي ئاراسىغا،
ئەسلا كەلمىدى رەھمىڭ،
كەمبەغەل بالاسىغا.

مېنى يارىم چىللايدۇ،
بارسام ئىرى تىللايدۇ،
باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ،
ماڭا بېقىپ يىغلايدۇ.

## ٩. بىۋاپا نادان يارىم ناخشىسى

ئويناپقىنا تۇتۇپ قويسام،
تىرىكىپ قالاي دەيدۇ،
دەردىنى تولا تاتىدىم،
نىمشكە كوتەرمەيدۇ.

بىۋاپا ئىكەن يارىم،
كوپ جاپانى كىم بىلدى،
ئاخىرى جۇدا ئىكەن،
ئايرىلىشنى كىم بىلدى.

ئۇ قاتغا ئوتەرمەن دەپ،
بۇ قاندا قونۇپ قالدم،
ئۈچ كۈندە بارارمەن دەپ،
يالغانچى بولۇپ قالدم.

غانجۇغامدا ئاغامچى،
ئوزەم قانتق ئالۋاكچى،
قولۇمدا پۇلۇم يوقدۇر،
مەن يارمغا يالغانچى.

كيتب بارغان ئايلامنك،
چيچى ئۇلاق ئوخشايدۇ،
ئشارەتنى بلمەيدۇ،
ياغاچ قۇلاقغا ئوخشايدۇ.

قزل ئالما قزارغاندەك،
قزل ئۈزلۈگۈم يارم،
ئاغزيدا ناۋات بارمۇ،
شيرن سوزلۈگۈم يارم.

هاۋالار تۇمانلابتۇ،
ئلقيلار قۇلۇنلابتۇ،
ئالتۇن قارا كوز يارم،
نيميدن يامانلابتۇ.

ئشىكتە ئانار گۈل،
ئات باغلابتۇ ھەمراقۇل،
يار مەندىن يامانلابتۇ،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

## ١٠ ئاھ يارىم ناخشىسى

بۇلبۇل سايرىماس بولدى،
قىزىل گۈل ئېچىلماس بولدى،
دۈشمەن سۆزىگە كىرىپ،
يارىم قارىماس بولدى.

كاشكى كۆرمىگەي ئەردىم،
كۆڭۈل بەرمىگەي ئەردىم،
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى،
تەندە ساقلىغاي ئەردىم.

يارىمغا سارايى سالسام،
گۈل بىلەن مۇنار قىلسام،
يار ئېچىدە بولمامدۇ،
ھەر قانچە گۇناھ قىلسام.

تاغدا ئېچىلىپ قاپتۇ،
سىرىق سەبدە بىلەن چۈغلۇق،

ياردن كورميدم خوراق،
كوڭلۇم بولادۇر مۇڭلۇق.

سۇ بولسا سۇزۇك بولسا،
ئيرقدا ئيقن بولسا،
عاشق بلەن مەعشۇقلار،
يان خوشنا ييقن بولسا.

كۇندە كورميدم يارنى،
بر كۇنى كورەرمەندەب،
ئۇميد ئۇزميدم ياردن،
ئولميسەم سويەرمەندەب.

## ١١. جانيما ناخشيسى

ختاى پوپۇشنى خەى دەيدۇ،
تۇرۇب چامغۇنى سەى دەيدۇ.
كچيككينە قارا كوز،
قچقارسام لەبەى دەيدۇ.

ئالتۇن قۇتيدەككنە،
ئاپپاق ئۇپيدەككنە،
هەر كشينك يارى بولسا،
كوڭلى مەيليدەككنە.

ياخشى ئاتليرم بولسا،
يۇرمەسمەن بۇ يەرلەردە،
غيربلق ئەسەر قلدى،
دوديشاڭ كۇرەلەردە.

نانى لەيلە لوتۇكەى،
تۇرفان لەيدى لوتۇكەى،
لوتۇ كەنچەن تولى سا،
خاجۇ، خۇجۇ جاڭپيزا.

سەحەر بولدى جى جولە،
بامداد بولدى كەى مۇڭلە،
كەى مۇڭ ـ كەى مۇڭ قارا كون،
نيدى فكيۇ سەى لەيلە.

تۇرفان خوما، قۇمۇل خو،
ناگى يوچەن ناگى خو.
چوكان خوما جۇگان خو،
ناگى شڭ شاڭ ناگى خو.

مەن كمنى دەب ئولتاردم،
مەن يارنى دەب ئولتاردم.
ئوقەتنى خيبال قلماى،
ئاقامچە زوڭ ئولتاردم.

يارم كيلەدۇر قاراب،
سۇمبۇل چيچينى تاراب،
مەن يارغا نيمە قلىم،
يامان كوزيدە قاراب.

گۇل كەستم ئويماق ـ ئويماق،
بارمۇ ياربدن تويماق،
قايسى نادانىڭ ئشى،
توز ياريدن ئايرلماق.

## ١٢. خارابك مەن ناخشيسى

بر قارا بوران كيلب،
تەگسە يامان بولمامدۇ گۇل،
شاخى شاخيغا تيگب،
بەرگى غازاڭ بولمامدۇ گۇل.

ئالما گۇلى گۇل بولامدۇ،
باشقا قسسا بر قۇچاق،
كشينىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئولگيچە جانغا پچاق.

قارا قاشم بار مينىڭ،
قوشۇما قاش لازم ئەمەس،

بر ئاداشم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازم ئەمەس.

قارا قاش كردى بازاغا،
قىشىنى بازالىتپ،
ئوزى خوشال يۈرەدۈر،
بزنى سەرگەردان ئىتپ.

قىشىڭزنىڭ قارىسى،
چۈشدى سىپلغا سايىسى،
ماندا قمۇ يىراق بولۇرمۇ،
ئىككىمزنىڭ ئارىسى.

قاش قاراسى بولمىسا،
قەشقەر دىگەن قانچە يىراق،
ئۆپا ـ ئەگلىك بولمىسا،
ئايدەك جۇگان ئشتقا يالاق.

قىشىڭزنىڭ قارىسىنى
قارا خەتكە ئوخشىتاي،
ئەتە ـ ئاخشام كورمىسەم،
بويۇگنى كمگە ئوخشىتاي.

قاشلىرگدۇر قاپ ـ قارا،
كرفكلىرك زەر ـ زىۋەر،

مەن ئوتئۇكىدا كويەرمەن،
سەن يۇرەرسەن بىخەۋەر.

قارا-قارا قاشلىغىم،
ئۇزۇن-ئۇزۇن چاچلىغىم،
قارا قاشنى دەپ يۇرۇپ،
قاغا قالدى ئاشلىغىم.

قيشيگزنك قاريسى،
هوسمانى پەيدا قلادۇر،
چيچيگزنك ئۇزبنى،
ييگتنى شەيدا قلادۇر.

قاشنى قاشقا ئۇليسا،
ييتەمدۇر قاشنك بوييغا،
خۇدايم مينى سالبدۇر،
قارا قاشنك كوييغا.

قاشلق ئەتميسەڭ يارم،
قاشنك ساڭا يەتمەمدۇ،
ئككى ئويناش ئۇتقۇنچە،
بر ئويناشك يەتمەمدۇ.

ئات بولسا، يورغا بولسا،
قوقۇسا، منسه كشى،

يارى بولسا، ياندا بولسا،
ئۆينيسا، كۆلسە كشى.

يارىنى كەلدى ديسە،
يۈگرەپ چقاى بيشىم بلەن،
يارى كەلگەن كوچىلارغا،
سۇ سيپەى بيشىم بلەن.

ئاھ ئۆرۈمەن-ئاھ ئۆرۈمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاى سينى،
كوز يىشىم دەريا بولۇپ
بيلقلىرىم يۇتقاى سينى.

يارمنىڭ مەيلىچە بولسا،
قويمىسام يار قىشىدن،
كيچە-كۈندۈز چورۇلۇپ،
پەرمانە بولسام بيشىدن.

گۈلى سۇسەننى كورۈك،
سايغا بيقپ قايرىلادۇر،
بيۋافا يارنى كورۈك،
ئولمەى ترك ئايرىلادىر.

ئالمىنىڭ شيخى تولا،
جىنەستىنىڭ بەرگى تولا،

يېڭى يار تۇتقان كىشىنىڭ،
ئىچىدە دەردى تولا.

ئاھ يارىم چاققان جۇگان،
جامانغا ئوت ياققان جۇگان،
بېشىنى قانتىق تاراپ،
ئىرىنى قاقشاتقان جۇگان.

جۇگان ئاسما دەككىنە،
بېلى تاسما دەككىنە،
شۇ جۇگاننىڭ قىلىغى،
ئون بەش ياشار قىزدەككىنە

## ۱۳. دادەى ناخشىسى

ئاق قوچقاچ ھارامزادە،
شېكەر بەرسە سايرايدۇ.
ئېلىنىڭ چوكانلىرى،
ئۇقچا بەرسە قارايدۇ.

ئۇ قاتقا ئوتەرمەن دەپ،
بۇ قاتدا قونۇپ قالدىم،
ئون كۈندە كېلۇرمەن دەپ،
يالغانچى بولۇپ قالدىم.

ئشيگمده بادام بار،
ئاستا كرك دادام بار.
دادام بولسا كاشكىدى،
قۇچۇغمدا بالام بار.

يارمنك ئيتى لەيلى،
بزگه باردۇرمۇ مەيلى،
بولسا، بولميسا مەيلى،
مەن يارنك قەلەندەرى.

هاۋاما هاۋاميدۇر،
قار-يامغۇر ياغاميدۇر،
قز ئۇچۇن ييگت ئولمەك،
شەرعيده راۋاميدۇر.

مەن ئيدم سينك بلەن،
بولمۇدۇك مينك بلەن،
سەن ياشقا كچك نادان،
سەرگەردان سينك بلەن.

باقا كرب ئالما يەك،
باغنك ميۋيسى بزنك،
سەن يارم مينى ديسەك،
جاندن ئوزگيسى سزنك.

تاماكا تارتقۇم كەلسە،
سيلاب باقيمەن يانني،
سەن يارم ميني ديسەڭ،
تەسەددۇق قلاي جانني.

باغ ئچيدە بوستانلا،
ياشيربدۇ چوكانلا،
قارا كوزنڭ دەرديدە،
ئاقدى كوزۇمدن قانلا.

يار دەرديدە ئاۋارە،
بولدى يۈرۈگۈم پارە،
ئوزەڭ بليسەن يارم،
بۇ دەردكە نيمە چارە.

مەن كۈرەگە بارغاندا،
ئون سەر يارميقم بولسا،
مينڭ تاۋم ئوسمەملىدۇ،
كۈڭلۈمدىكى يار بولسا.

شايار يولى يۇلغۇنلۇق،
كۈچا يولى بۇلغۇنلۇق،
شايارلقنڭ قزليرى،
ئون سەككيزى بر پۇللۇق.

١٤. غيريبنىڭ مەن ئەسيرلىگەن ۋايەى بالادىن ئاسرابەندەگنى ناخشيسى

دەريا بويىدا شاھتۇت،
بر ياخشينى ئاداش تۇت،
ئاديشنىڭ يامانليسا،
ئويناب، كۇلۇب هاراق تۇت.

يار كيلۇرميكن مۇندا،
مەن بارايميكن ئاندا،
يارغا يار كيرەك بولسا،
قول سبلب كيلۇر مۇندا.

يار حوجريسيدا ييتب،
ديگەن سوزليرى ماقۇل،
يار مەندىن يامانلابتۇ،
مەن يارمغا ناماقۇل.

دەريا مۇنداغ ئاقارمۇ،
ئيقب لەيدىن تاشارمۇ،
يارم كيىگەن ئارچنبەل،
مۇنداقمۇ ياراشۇرمۇ.

گۇل ئيچلدى چمەن باغدا،
تاماشه قلسا بولمامدۇ،

ئاتيمز يوق، ئانيمز يوق،
خۇدايىم رەھمى قلمامدۇ.

نە خۇش كۈندۈر برادەرلەر،
كشى جانانيغا يەتسە
چيكب جەۋرى-جافالارنى،
كوزى مەستانيغا يەتسە.

جافانى كم نولا چەكسە،
گوھەرنى شۇ ئالۇر تاشدن،
بيشم كەتدى بۇ سودادن،
بۇ سودا كەتميدى باشدن.

مەن باردم كيچە بلەن،
ئېرفنك ئچى بلەن،
ييگت قولى باغلاندى،
جۇكاننك چيچى بلەن.

قيشك ئەسلى قارادۇر،
ھوسما قويميساڭ يېتەر،
سەن ئولتەرميسەڭ ميني،
ئوزەمنك ئولگيني يېتەر.

۱۵. لەبلىرىڭ ناۋات يارم ناخشيسى

كوبۇب كۇل بولميغاى ئەردم،
يينب ئوت بولميغاى ئەردم.
ساڭا بەرميسەم كوڭۇل،
مۇنچە بولميغاى ئەردم.

قاريسام كۇرۇنمەيدۇ،
دەرياغا يىقن ساڭلار، ؟
مينىڭ يغليغانمنى،
قارا كوز قاچان ئاڭلار.

ئوگۇزەگدە كيتب بيرب،
شەرەت قلاى تۇڭلۇكدن،
يارنىڭ قاشيغا كرمەك،
ئوغۇل بالا ئوزلۇكدن.

قوليغا پچاق ئالغان،
ئوغۇل باليلق ئەمەس،
عاشق بولغان يارانلار،
پچاغىڭغا بوى بەرمەس.

يارنىڭ قوسيغى ئاغربتۇ،
باققا كرب ئالما يەب،

يامان ئۈگۈنۈپ قاپتۇ،
خامليغىنىنى دەپ.

بىغەنگغا كرپ ئيلپ،
توك غوراثنى يەبتىمەن،
كوڭلۈڭگە تيغر ئالما،
پەمى قلماي دەبتىمەن.

بىغەنگغا كرپ ئالدم،
شاپتۇلاڭنى يەپ ئاليم،
ئوينيميساك ئوينيما،
مەن ئويناپ كۈلۈپ ئالدم.

بىنگغا كرپ باقسام،
ئۈرۈگۈڭ عەجەب شاخلق،
چۈشۈمگە كرپ قابسەن،
قارا كوز، تلى تاتلق.

بىغەنگدىكى تاللانى،
خامان هايديسام لازم،
ئوينايمەن دەپ ئيتسا گچۇ
مەن ساڭا قلاى تازم.

بىغەنگغا كرپ ئيلپ،
ئۈرۈك ئرغيتاى يارم،

ئاخشامغا قوشۇپ ئېلىپ،
سېنى يغلىتاي يارىم.

ئىشىگىڭدىن مەن ئۆتىمۇم،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ،
توخۇ ئىككى چىللىدى،
بىر چىقمايسەن ئۇلدۇڭمۇ.

## ١٦. سارىخان ناخشىسى

سىپىلغا چىقىڭ باللا،
دۇم-دۈمىنى سوقۇڭ باللا،
پاششاپ بەگ قوغلاپ كەلسە،
ئارقىغا قېچىڭ باللا.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئالما ئۆگمىدەك بوپتۇ،
كىچىكىنە سارىخان،
ئېلىپ قاچقىدەك بوپتۇ.

باغ ئىچىدە بوستانلا،
ياشىرىپتۇ چوكانلا،
سارىخاننىڭ دەردىدە،
ئاقتى كوزۈمدىن قانلا.

ئاق سارايدا ئولتۇرغان،
تولۇن ئاي مېنىڭ يارىم،
كويەر ئوتقا سېلىپ قويۇپ،
بىخەۋەر بولغان يارىم.

گۈلزارنىڭ ئارا چۈغلۇق،
گۈلزار ئىچى بۇلبۇللۇق،
گۈلنىڭ گۈلى سارىخان،
سىزگە سېغىنىپ قۇللۇق.

سارىخان قىزىل گۈلدەك،
بىز ئىشقىدا بۇلبۇلدەك،
سارىخان كۆلۈپ قويسا،
خىزمەت قىلىمىز قۇلدەك.

سارىخان تىلى تاتلىق،
كۆڭلىدۇر ئەجەب قاتتىق،
ئىشكىدىن چىقالمايدۇ،
مەن كەلسەم كېچە ئاتلىق.

سارىخان كىچىك ياشلىق،
ئاي ئۈزلۈك، قارا قاشلىق،
ئىشكىكە چىقالمايدۇ،
ئاتا-ئانىدىن باشلىق.

## ١٧. گۈلەم خان ناخشيسى

گۈلەم خاننڭ قوش پوپۈگى يەرگە تيگەمدۈ،
ئون بەش ياشقا كرمەى تۈرۈب ئەرگە تيگەمدۈ.

گۈلەم خاننڭ كييگەن ئەڭلى تاش پيشى سولجۈر،
قيرى بلەن ياتماڭ هەرگز، ساقيلى سانجۈر.

قويلارنى هايداۋەتدى ئويمان بۈلاققا،
گۈلەم خاننى تۈتۈب بەردى قيرى چولاققا.

گۈلەم خاننڭ قوش پوپۈگى يەرگە سورۈلدى،
يۈرەكديكى سيرق سۆلار قانغا ئورۈلدى.

چقب باقسام گۈلەم خانيم تويۈڭ كيلەدۈر،
ساڭاميكن، ماڭاميكن تەقدير بلەدۈر.

گۈلەم خاننڭ تۈققان يېرى ئويمان بۈلاقدۈر،
گۈلەم خاننى زورلاب ئالغان ئەڭگە چولاقدۈر.

ئاللە-يەتتە كەپتەرليرڭ قوندى تيرەككە،
توگا توندا ئالتۈن تۈگمە پاندى يۈرەككە.

گۈلەم خاندن باشقا قزنى قيرى ئالمامدۈ،
گۈلەم خبنم چولاقلارغا زايە بولمامدۈ.

گۈلەم خبنم ئۈبدان بالا چيچى ئاز ئيكەن،
گۈلەم خاننڭ تەككەن ئيرى تۈتەك تاز ئيكەن.

## ۱۸. ئاللا يارم ناخشيسى

ئاللا يارم خياليڭز ئەنجانچە بوكمۇ،
كچكلىكدە ئوينىاب ئيدۇق ئەندى يۇل يوقمۇ؟

ئاللا يارم خيالىڭنى بلب بولمايدۇ،
سەنلە يۇرگەن كوچيلاردا يۇرۇب بولمايدۇ.

سەن يار ئۇچۇن بولميغانم قالغان ئەمەسدۇر،
ياكى پۇتۇڭ ياكى پۇتمەڭ يالغان ئەمەسدۇر.

خاھى پۇتۇڭ، خاھى پۇتمەڭ خۇشتارمەن سزگە،
پۇل مالمنى بەرباد بيرب، قۇل كرەي سزگە.

قارا، قارا قاشليرڭغا قوشساڭچۇ مينى،
قارا قاشنڭ بازاريدا سانساڭچۇ مينى.

قارا قاشنڭ بازاريدا ياريميسام مەن،
كرپيگڭنى ئوق يار قلب ئانساڭچۇ مينى.

عشق ئوتينى تۇتاشتۇرۇب كويدۇردۇڭ مينى،
جلۋە قلب، غەمزە قلب ئولتۇردۇڭ مينى.

لۇتفى قلب، باغ-باغ ئيتب، قۇچساڭچۇ مينى،
بر ئورۇندا قۇچاغلىشب سوبەردم سينى.

گۇل غۇنچيسى ئيچلغاندەك لەبليرڭ سينڭ،
عومرۇم ئوتدى لەبليرڭنى سويەلمەي مينڭ.

## ١٩. مايم خاننىڭ ناخشىسى

زىندان تېمى ئېگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گورۇستان،
ئېرەنلىككە بەل باغلاپ،
شېھىد ئولگەن مايم خان.

مايم خان ئوزى ئۇبدان،
مەست بولسا خۇيى يامان،
قىرى ئۇچۇن باشنى بىرىپ،
ئەندى بولدۇگەۇ ئامان.

خان خوجامنىڭ بوز ئىتى،
دەريالاردا ئوزەمدۇ،
بۇزۇلۇپ كەتكەن قىزكنى
دارن-ئامبال تۇزەمدۇ.

ئانا بولغىنىڭ قىينى،
ئانا بولغىنىڭ قىينى،
ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ چاپقاندا،
تلەپ ئالغىنىڭ قىينى.

ئالدىمىزدا تورت مانجۇ،
قلىچىنى ئوينادى،

حيكم بەگ بولاب بەرسە،
ئولتەرمەندى، پالاتدى.

تۇرفاننىڭ يولى قۇملۇق،
ئوتۇپ بارغىلى بولماس،
ئاتمش يامبۇنى ئيلب،
بيكار تۇرغيلى بولماس.

ئاتمش يامبۇنى ئيلب.
دارن ئامبال تويامدۇ،
مايم خاننى ئولتەردى،
خۇنى ئينى قويامدۇ.

گونا شەھەردە ئاق تيرەك،
ييڭى شەھەردە كوك تيرەك.
مايم خاننى ئولتەردى،
ئاكا ئوخشاش ئەر كيرەك.

گۇل باغ سۇفەت قەشقەردەك،
ييڭى سوققان شەر بارمۇ،
مايم خان شيهيد بولدى،
ئاكا ئوخشاش ئەر بارمۇ.

## ٢٠. ئالتۇن خېنىم ناخشىسى

ئاقىنا ئايدەك ئۆزۈڭگە،
زەيتۇنە خالىڭ بولاي،
كېچە يانىڭدا يېتىپ،
كۈندۈز خېرىدارىڭ بولاي.

بېۋاپا بۇگۈن بارۇر،
تاڭلا ئۇنۇتقاي يارىنى.
ئادىمى ھەرگىز ئۇنۇتماس،
كونا سويگەن يارىنى.

مەن بىرىپ قاچان كورەرمەن،
ئامرىغىمنىڭ ئۆزىنى،
ياغلىغىمغا تۈگۈپ ئالدىم،
سايدا باسقان ئىزىنى.

سايدا باسقان ئىزىنى،
كوزلىرىمگە سۈرمە قىلاي.
يارنى ئۆيقۇدا تاپسام،
لىۋىگە سويۈپ ئالاي.

## ٢١. قومۇل ناخشيسى يارسينەم

سايدا يۆرگەن جەرەننى،
سەككز دەڭلا يارسينەم،
سەككز قزنڭ برينى
سڭلم دەڭلا يارسينەم.

ئەگم-ئەگم يوللاردا،
ئزكيلەدۆر يارسينەم،
كمخاب تونني يۆر كۆلۆب،
قز كيلەدۆر يارسينەم.

ئيگز تيرەك بيشيدا،
كاككۆك ئوينار يارسينەم،
جوكۋاڭ بەگنڭ قزى بلەن
بەگلەر ئوينار يارسينەم.

ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار،
سايدا تولا يارسينەم،
قز ئالميغان ييگتلەر.
تويدا تولا يارسينەم.

يغليما قز-يغليما قز،
تويۆك بولۆر يارسينەم،

٧ ئالتۇن بلەن كوشۇگە،
ئويۇك بولۇر يارسينەم.

قزل-قزل پيياز نڭ
پوستى تولا يارسينەم،
ئويلەنميگەن ييگتنڭ
دوستى تولا يارسينەم.

قارا-قارا قاغيلار
خاماندادۇر يارسينەم،
قز ئاليغان ييگتلەر
ئارماندادۇر يارسينەم.

تاغنى تۇمان چاڭ بيسىتۇ
قار كيلەدۇر يارسينەم.
بەرگى غازاڭ تونى كييب
يار كيلەدۇر يارسينەم.

## ٢٢. دوستلارەى ناخشيسى

بز بۇ يانقا كەلگەندە،
يارم ئشكدە قالغان،
قاچان كيليسەن يار دەب
قارا كوزيگە ياش ئالغان.

قزل گۇل دیگەن نەرسە،
بیهشتدن چققان نەرسە،
قییامەتکە بارغاندا،
خۇداییم ئیمان بەرسە.

کورۇنگەن قارا تاغلار،
ئارقیسی قارا باغلار،
بزنك یار کچك بالا،
بیلیغا دۇردۇن باغلار.

تۇگلۇکدن قاراب باقسام
یارم تولغینب یاتدی،
ئایریلب کیتەی دیسەم،
دەردمنی تولا تارتدی.

ئۆیدن ئاتلینب چقب،
کردم چاگینا یولغا،
سەن یارمنی بەرمەسمەن،
ئون بەش یاشدیکی قزغا.

ئون بەش یاشدیکی قزنی
ئالسام ئارمینم یوقدۇر،
سویگەن یارنی ئالمیسام،
ئوزگە لاییقم یوقدۇر.

ئون بەش ياشديكى قزلار،
هوسما قويۇب ئوينايدۇ،
قارا كوزنڭ قوينيدا،
بيلق بولۇب سويلايدۇ.

يارم ييزيغا كەتدى،
ئەندىلەردە يەتكەندۇ،
ئاندا يارينى كورۇب،
بزنى ئۇنتۇب كەتكەندۇ.

يارمنڭ سارايىغا،
گۈل بلەن مۇنار قلسام،
يار ئچكدە بولمامدۇ،
هەر قانچە گۇناه قلسام.

قاراب كوزليرم تالدى،
بر سوزۇڭنى بەرمەيسەن،
نيمە مۇنچە زار بولدۇڭ،
عاشق تۇتقانغا ئولمەيسەن.

يار دەيسەن يانا دەيسەن،
يار قەدرينى بلمەيسەن،
يار قەدرينى بلگەندە،
سەهەرلەردە يغلايسەن.

## ٢٣. ئاللا ئورگۈليمەن ناخشيسى

قاش ئاتارم كيلەدۇ،
كرپك ئاتارم كيلەدۇ،
بيليغا ئالما تۇگۇپ،
يالغانچى يارم كيلەدۇ.

زەيتۇنە تونني كييب،
خەستە كوكۇلگە ئوت سيلب،
نوۋ ئيچلغان غۇنچيدەك،
ئۇزى ئاتارم كيليدۇ.

ئەنييازنك شاميلى،
تەگسە بۇلۇر ئاق تەن قارا،
غەم قشيني هايديماققا،
نوۋ باهارم كيليدۇ.

## ٢٤. دانە دانە خاللاركدن ناخشيسى

بارارغا يوللارك بولسۇن،
قزل گۇل هەمرايك بولسۇن،
سينكدەك نازۇكى يارغا،
مينكدەك قوللارك بولسۇن.

ئىلى شەرىنىڭ باغلىرىدا
غۇنچە سۈپەتلىك سەن گۈلى رەئنا،
گۈلى رەئنانى ياد ئەتمەككە،
مېنىڭدەك بۇلبۇلۇڭ بولسۇن.

سىنىڭ چاچۇشلىرىڭ ئالتۇن،
ساماۋار، كۆرسىڭز زەردن،
كى خاقان ئوردىسى سەيرى
گاھىڭ ھەم يولۇڭ بولسۇن.

ئەگەر سەن خاھىش ئەتسەڭ،
تەسبى تارىنى يۇ گۈرتمەكنى،
بۇ نازمىنىڭ تىنى
سالماقتا چۈلۈۋرۇڭ بولسۇن.

## ٢٥. ئوتتۇك يامان ناخشىسى

يار ئىشىگىدە تۇرسا،
گۈل مودەن ئېچىلغانىدەك،
كىتەي دېسەم كىتەلمەيمەن،
ئەركىمنى تۇتتۇپ ئالغانىدەك.

ئۈمىدىم ئۈزۈلمەيدۇر،
ئايرىلىپ كىتەلمەيمەن،

يېنىدىن كېتەي دېسەم،
ئىشقى غولىنى سالغاندەك.

يىغالمايمەن خىيالىمنى،
بىر يەردە قىلالمايمەن،
خىيال كېتەر ھەر يانە،
دانىلەر ساچلغاندەك.

يار ئىشىگىدىن كەتمەي،
ئاھ ئۇرۇپ قاراپ تۇردۇم.
يار تۇرۇر تاۋى ئالدىدا،
قىزىل گۈل ئېچىلغاندەك.

يارىم كېتىپ ئوزدىن،
قان، ياش ئاقىدۇر كوزدىن،
قالدى نەچچە كۈن سوزدىن،
غەم ئىچىدە قالغاندەك.

### ٢٦. نېمە بار بۇ يەرلەردە، كېتەي مەن ئوز ماكانىمغا ناخشىسى

مېنى كورگەن دۇشمەنلەر،
بولەك ئەلنى كورمەمدۇ،
دۇشمەن سوزىگە كىرىپ،
مېنى يارىم سويمەمدۇ.

لپ لپ ئيتەدۇر كوڭلۇم،
يار قيشيغا بارغيلى،
لەبنى ليبيگە قويۇب،
تەننى تازا قلغيلى.

قيشبنى قلچ ئەيلەب،
كرفيگن ئيتپ خەنجەر،
هجران خەنجيرن سالدى،
جينيمزنى ئالغيلى.

بيشمغا سيلب ميحنەت،
برەۋلەرگە بيرب رۇخسەت،
دەيدۇ يينيمزدن كەت،
غەيرى بلەن قالغيلى.

## ٢٧. ئاه دەرديك يامان ناخشيسى

يولۇك مڭنك ييرى يول،
خييالم سەندە تۇرماسمۇ،
چرايمنى سيرق دەيدۇ،
جۇدالق دەردى بولماسمۇ.

دەريا بويىدا ئۇزۇم،
يغلايدۇ قارا كوزۇم،

كشينىڭ يۈرىتيغا كيلىپ،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

يار ئىشىگىدە تۇرسا،
قىزىل گۈلى بېشىدا،
ئولسەم ئارمىنىم يوقتۇر،
بىردەم ياتسام قېشىدا.

دەريا بويىدا تاللا،
تاللاپ ئالدىم تالمىنى،
بىۋاپامۇ يار ئىكەن،
سورىمايدۇ ھالمىنى.

يۈرۈك يارىم ئوينايلى،
دەريا بويى بويلايلى،
بىلقىلارغا ئەرز قىلىپ،
خۇدايىمغا يىغلايلى.

## ٢٨. غېرىبلىك مەن، ئەسىرلىك مەن ناخشىسى

ئەتە بىلەن غاز ئۆتەر،
سودىگەرلەر ياز ئۆتەر،
كىچىكىنە قارا كۆز،
قانداغ قىلسام زار ئېتەر.

جۇگانمۇ تیگەی دەیدۇ،
چوکانمۇ تیگەی دەیدۇ،
چوکاننی ئالای دیسەم،
ۋاختمغا باقای دەیدۇ.

ۋاختیغا قاراب هاردم،
هەر كۇندە ئاڭا باردم،
بر سویۇب قویۇڭ دیسەم،
ئازامدن سورای دەیدۇ.

بیشیغا قسب غۇنچە،
تۇرماس دەمی سویگۇنچە،
گویسەم ئاڭا ئولگۇنچە،
کوڭلۇڭنی ئالای دەیدۇ.

بۇلبۇلدەك قلب فۇغان،
دائیم قلیمەن گەریان،
ئالماقغا تینمدن جان،
عشق تغی سالای دەیدۇ.

پۇل تاپسا دیگەن نازم،
مەككیگە قلای تازم،
یار یاخشی قیلك دیسەم،
مەن برگە بارای دەیدۇ.

## ٢٩. نەغمىدە ئىپتىدىغان ناخشا

مەن ئولسەم ئىتم ئوچەر،
بىشمدىن شامال ئوتەر،
ياخشى تۇتقان دوستلىرم،
يىنمدىن يغلاب ئوتەر.

ئاناممۇ ئولۇب كەتكەن،
ئاناممۇ ئولۇب كەتكەن،
قىرنداش بولغان بلەن،
كوكلى بولۇنۇب كەتكەن.

ياتلارنىڭ دەردى چاغلىق،
قىرنداشنىڭ دەردىدىن،
قىرنداش قلغان دەردلە،
ئچمگە تولۇب كەتكەن.

ئاناممۇ حايات بولسا،
ئاناممۇ حايات بولسا،
دەردىنى ماڭا ئىيتسا،
حالىغا بۇ دەم يەتكەن.

نوۋىتى خازان يەتدى،
موۋسىمى باھار كەتدى،
ۋاقت بزگە يىقن يەتدى،
نازم بۇنى دەب كەتكەن،

## ۳۰. ياھۇ يارەى، ياماۋلانەى ناخشيسى ✓

باجا ئەيتەرسز غەمى بيشم، غەمخانە بولدى نەيلەين،
بر سوز بلەن ئاشنا يارم، بيگانە بولدى نەيلەين.

يامان كورمەك مينى دەرلەر، ئيگەمنڭ بر قۇلى دۇرمەن،
كشى قەدرمنى بلمەيدۇ، ۋەتەننڭ گوھيرى دۇرمەن.

ئوزۇم ۋەسفينى ئيتسام، دلبەر ئەيتۇر ئانچە ئەمەسسەن،
كيتۇرگەن سوزگە سزنى، دلبەرى ئوزرە پەرى دۇرمەن.

كى تەءرف ئەيليدڭ كوپ، باغ ئارا غۇنچە كورۇب ئينى،
تامامى نوشكوفە غۇنچيلەرنڭ موختيرى دۇرمەن.

نيچەد بزگە ئول ئاى ئۇزلۇك، سوزينى تلگە كەلتۇرمەك،
قۇلينڭ قۇلليرى ئالديدا، بر چاكرى دۇرمەن.

قييا باقسا تەرەححم ئەيلەبان، بز خەستيگە ئول ئاى،
ديگەيمەن شاد ئولغاندن، خالايق بەھتيرى دۇرمەن.

ئيلى بازاريدا يغلاب، بۇ نازم يالۋۇرۇب يارغا،
كى ئيتب بر قييا باقسام، نە بولغاى بر قرى دۇرمەن.

## ۳۱. ئايرلغانغا ئولمەيمەن، مەن قەدرمگە يغلايمەن ناخشيسى

يار ئشيگيدن ئوتدۇم،
ئالما شيخينى تۇتۇب،

سەن ئويۇڭدىن چقمايسەن،
مەن تالادا قان يۇتۇپ.

يارنڭ بيغيغا كرسەم،
ئالما تۇگميدەك بوبتۇ،
كچيكنە يارم بار،
قايرب سويگيدەك بوبتۇ.

شۇ يارمنى كورگەن خەلق،
بارچە بولادۇر عاشق،
يارمنى كورۇب خالايىق،
كويۇب ئولگيدەك بوبتۇ.

يارم يۇرەدۇر دائيم،
بر ساچقا جالا سيلەب،
يارمنڭ قارا چيچى،
ئككى بولگيدەك بوبتۇ.

ئاۋۋالدا ئويۇن قلسام،
يغلار ئيدى ئول دلبەر،
بۇ دەمدە ئويۇن قلسام،
قاراب كۇلگيدەك بوبتۇ.

## ٣٢. دوستلیریما ئاخشیسی

ئۈیان ئوتئۈب، بویان ئوتئۈب کوکلۈگنی ئالای،
قارچیغینڭ بالیسیدەك قولۈگغا قونای.

قارالیسام کورۈنمەیدۈ سەمەندن قورغان،
عەجەب قانتق یامان ئیکەن یاردن ئایرلغان.

یار ئایریلب چدار ئیکەن، بز چدالماسمز،
هیچ ئایریلب چدارمیکن کوکۈل ئالدۈرغان.

شۈ یارەنی بر کورۈبان، کوکۈل ئالدۈردۈم،
هیچ مینگەدەك بارمۆ یارغا ئاۋارە بولغان.

ئاۋۋال بیقب، کوکلۈم ئیلب ئەندی باقمایدۈ،
مەن سادەمەن یار باقار دەب ئۈمیدە تۈرغان.

## ٣٣. ئولمەمدۈ کشی، کویمەمدۈ کشی ئاخشیسی

قارانی یۈسا ئاق بولماس، یامان هەرگز یاخشی بولماس،
سەن دوست بولساڭ ئول دوست بولماس،
مەن سینی سویدۈم قارا کوز.

قزل ئالما قزارغاندەك، خۈنۈك چوکان یاشارغاندەك،
قزل گۈلدە یاسالغاندەك، ئۈزۈڭگە کویدۈم قارا کوز.

## ٣٤. چن مودەن خان ئاخشيسى

يار ئشيگيدە تۇرۇب،
بر جلۋە قلالمايدۇ،
بر كورۇب كيلەي ديسەم،
خاليدا بولالمايدۇ.

ئوگۇزەڭديكى قومۇشنى،
مەن دەسسەب ئوتەرمەنمۇ،
كوڭلۇمديكى يار بلەن،
بر كيچە ياتارمەنمۇ.

يالۋۇرۇب ساڭا هەر كۈن،
ياد ئيتب سيني هەر تۈن،
باغرمني قليبان خۇن،
ۋەسلڭگە يىتەرمەنمۇ.

بارسام ئشيكڭگە يغلاب،
ئاچچيغڭ كيلب قوغلاب،
بۇ قسمەي كورۇب خورلۇق،
دۇنيادن ئوتەرمەنمۇ.

يارم ماڭا باقمايدۇ،
سينەسيني ياقمايدۇ،
ماندا غ بيۋافا يارغا،
بيهۇدە كويەرمەنمۇ.

باقماي ماڭا دەرد قىلدىڭ،
چرايمنى زەرد قىلدىڭ،
دەردىڭگە داۋا تاپماي،
ئاخيرى ئولەرمەنمۇ.

بزلەرنى خافا قىلدىڭ،
جانمغا جافا قىلدىڭ،
سەندەك بيۋافا يارغا،
ئاۋارە بولارمەنمۇ.

## ٣٥. گۇلزارە ناخشيسى

ئويمان بايتۇقاي سازى،
ئودەكدن تولا غازى،
كچيكنە يارم بار،
ئولتەردى ئۇنىڭ نازى.

سەن دەردىڭنى ماڭا ئيبتساڭ،
سينىڭ حالىڭغا مەن يەتسەم،
ئوزەمنىڭ ئلكيدە بولساڭ.
چوللەرگە ئيلب كەتسەم.

چوللەر ئچيدە يېرسەك،
ئككيمز بولۇب مونس،

سینەمنی یيرب تغدا،
یۇرەكمنی كورسەتسەم.

بزگە مەرحەمەت ئەیلەب،
دەردمنی ئشتكەندە،
ئون توققۇز قلب تازم،
مەن یارمنی خۇش ئەتسەم.

یارم یۇرتیغا كەتسە،
ئاتیسینی كورگیلی،
بوز ئیتمنی ئیگەرلەب،
یارنڭ كەینیدن یەتسەم.

### ٣٤. شەهلا كوزی مەستانە، كام بولمیسۇن خانزادە ناخشیسی

قاراب كوزلیرم تالدی،
راست سوزۇڭنی بەرمەیسەن،
نیمە مۇنچە زار بولدۇڭ،
عاشق تۇتقانغا ئولمەیسەن.

قاشنڭ قاریسی ئوزگە،
كشی سوز بەردیمۇ سزگە،
كشی سوز بەرسە بەرگەندۇ،
یامانلق قلمیدم سزگە.

جۇگانغا قاراب يۇردۇم،
قزلارغا قاراب يۇردۇم،
جۇگانلارغا باقمايمەن،
كوڭلۇم تارتيدۇ قزغا.

قز تەعريفينى ديسەم،
ئۇزليرى تولۇن ئايدەك،
سيچى ھوليغا پاتماس،
كوكۇلاسى ييتەر تزغا.

ئۇزليرى قزل ياقۇت،
قزغا قزل ئالما تۇت،
جينم ئارا سالدى ئوت،
دەردمنى دەيمۇ سزگە.

ياتقا بولادۇر ھەمزە،
بزگە قلادۇر غەمزە،
ئەغيارغا قلب ئلتاف،
قەھرى قلادۇر بزگە.

بارينى كورۇب نازم،
قوشلاب قليدۇر تازم.
بولدى بۇ كوڭۇللەر بەند،
ئاچچيغى يامان قزغا.

## ٣٧. خانم ئورگۈلەي دەيمەن ناخشىسى

ئالمۇتيغا بارمايمەن،
سايدا پۇتۇم ئاغرىيدۇ،
غولجيديكى يارمغا،
عەجەب ئچم ئاغرىيدۇ.

ئاخشيمى قاراڭغۇدا،
كورۇنۇر چراق ئوتى،
عاشقلق قلاى ديسەم،
قورقيمەن كشينىڭ يۇرتى.

يارم تەريفيني دەب،
كيچە - كۈندۈز سوزلەيمەن،
مەندەك سوز قلالمايدۇ،
شاھلار ئاسريغان توتى.

يۇرەكمنى كويدۇردى،
ميني ھەر كۈن ئولتۇردى،
كويدۇردى ۋۇجۇدۇمنى،
يارنىڭ عشقينىڭ ئوتى.

## ۳۸. يۇمۇلاق جۇگان يارم ئاخشيسى

سينـگى هيجره دەرديكده،
بوغزمدن غزا ئوتمەس،
بر يل بولدى كويگيلى،
كويگەن ئوت ساڭا ئوتمەس.

باغ ئچيده بوستانلا،
ياشيربتۇ چوكانلا،
يارنڭ دەرديده يغلاب،
ئاقدى كوزۇمدن قانلا.

يارم يينمغا كەلسه،
يۈينۇمنى قۇچۇب سويسه
قۇچاقمدا ئولتۇرسا،
تازا بولادۇر جانلا.

يار ئويگه كيلۇر بولسا،
يينيمزدا ئولتۇرسا،
جينمنى خيرد ئەيلەب،
قلسام ئينى ميهمانلا.

يارم باققا بارايلى،
گۇل غۇنچيسى ئالايلى،

مودان گۈل ئېچىلىپتۇ،
قىسلاق باشقا رەيھانلا.

نازىم بارادۇر باققا،
ئۇ تۇلاپ كويۇك تاققا،
غولجىدا سوزۇم ئاڭلاپ،
خۇشال بولادۇر جانلا.

## ٣٩. ئورگۈلىمەن ئاللا ناخشىسى

ئىشىككەن ئوتلىدۇم مەن،
مەپەمنى جاراڭلىتىپ،
تارتىماي سويۇپ قويۇق،
جالانى پۇلاڭلىتىپ.

لاچىن بولۇپ ئەگىيمەن،
هويلاڭدا، تىرەككىدە،
بىلىق بولۇپ ئوينايمەن،
مەيدەڭدە، يۇرەككىدە.

ئوزەم قارچىغا بولسام،
تورۇڭغا ئىلىندۇرسەم،
مىنى قولۇڭغا ئالساڭ،
تەلپۈنسەم بلەكىڭدە.

ياز كۈنى تومۇزلاردا،
ياز ئاخيرى كۈزلەردە،
قش كۈنى مەسجدلەردە،
يۈردۈم مەن تلەككدە.

بيغكدا گۈلۈك بولسام،
بيشكدا گۈلۈك بولسام،
باقفا سۈغا كر گەندە،
سۈ بولسام. چيلەككدە.

غۈلجيغا بيرب كۈزدە،
ياتدم مەن تالا-تۈزدە،
نازم بولۇبان هۈقۈش.
قچقيرۇر تيرەككدە.

## ٤٠. گۈل يارەى-دادەى ناخشيسى

ئۈيان ئوتيدۇر بر گۈل،
بۈيان ئوتيدۇر بر گۈل،
ئككى گۈل ئاراسيدا،
سايراب ياتيدۇر بۈلبۈل.

مەن ئەندى نيچۈك قلاى،
غەمگە قالغان بيشمنى،

كورگينى ئۇزاق بولدى،
سيغندم ئاداشمنى.

سيغنغان بلەن يارنى،
منگەلى تيپلماس ئات،
ئات بولسا كورەر ئيدم،
بيرب قارا قاشمنى.

ئالايمەن ديسەم بر ئات،
ئاتنىڭ بر خۇيىدۇر يات،
يارغا يەتكۇزۇرمۇ پات،
كورسەم باغرى تاشمنى.

خۇش ياخشى ئيلى شەهرى،
يارنڭ بارمۇدۇر ميحرى،
مەن ئەندى بلەلمەسمەن،
يارمغا بيرشمنى.

يار ئارقيسيدن باردم،
قورغاسنڭ مازاريغا،
يارمدن بلەلمەيمەن،
بر خەۋەر ئيليشمنى.

قۇمريدەك قلب گۇگۇ،
شەيخلەردەك قلب هۇهۇ،

يغلاب يۇ گرۇب ھەرسۇ،
توكۇب كوزدە يىشمنى،

بيۋافا بۇدۇن ئەفلاك،
يۇرەكنى قلبدۇر چاك،
قلبدۇر زەھەر ئاغۇش،
ھەر كۈن ئچەر ئيشمنى.

دۇشمەنلەر جافا قلدى،
دلبەردن جۇدا قلدى،
نازم تولا ئاە قلدى،
كورەلمەى ئاداشمنى.

AltunOq

## ٤١. چاققان يارەى ناخشيسى

قاراليسام كورۇنمەيدۇ، عالەمنىڭ ئۇچى،
بۇ عالەم بر كوھنارابات، بز يول ئوتكۇچى.

قاراليسام كورۇنمەيدۇ ئابرالنىڭ تيغى،
ئوندا كويۇب ئادا بولدى، يۇرەكنىڭ بيغى.

يار دەرديدە سارغايدم، زەعفران سۇفەت،
كۆز ۋاختيدا سارغايغاندەك، تيرەك يافريغى.

غۇنچە ئۇزلۇك نيگارمنى كورەر كۈن بارمۇ،
تەسبيح تەمام بولدى ماڭا يارنىڭ سوريغى.

ياريەزنىڭ قىلغان سوزى داغ بولدى بىزگە،
يۈرەكمنى مەجرۇح قىلدى شۇ سوزنىڭ دىغى.

ئارا ئوستەڭ توغراقلىقدۇر يارمنىڭ جايى،
قاراب يارغا ئەسر بولدى كوزنىڭ قاراغى.

ئۇلاغمنىڭ يوقلىغىدىن كورمۇدۇم يارنى،
كورەر ئىدىم زال زەرنىڭ بولسا ئۇلاغى.

## ٤٢. نادەخان ناخشىسى

باغلىغمنىڭ ئۇچىدا قەند بىلەن يىميشم بار،
ياخشى دەمدۇ، يامان دەمدۇ ئەل بىلەن نىميشم بار.

بىزگە ياخشىلىق قىلغان، كىشىگە قىلاي خزمەت،
هەر كۇن خزمەت ئەتمەككە هەر كۇندە بىريشم بار.

كم قىلسا زىيان بىزگە، زىيانى ئەيان بىزگە،
بارۇرنى قىلىبان تەرك، هەم ئاندىن يىنيشم بار.

## ٤٣. هەمدەم يارەى ناخشىسى

تىرىغان بىلەن ئىلىب بولماس سايىنىڭ تىشىنى،
دەرد كەلگەندە ئىيتىب بولماس كوزنىڭ يىشىنى.

سۇغا سالسام، سۇ كوتەرمەس مسقال تومۇرنى،
ئالتۇن بيرب ئيلب بولماس قالغان كوڭۇلنى.

يارم بزگە باقماي يۇرۇب، ديلگە غەم سالدى،
شەفقەت بلەن سورغان بارمۇ كوڭلى مەلۇلنى.

بەختم قارا بولغان ئۇچۇن يار بزگە باقماس،
يغلاتقينى ياخشى ئەمەس بزدەك ئوغۇلنى.

يارم بزگە باقماس بولدى، بايلار-نامرادقا،
ئيرانلار ھەم يوقليماسلار ئيرى يوق تۇلنى.

ئايا يارم قەھقەە كۇلۇب ئيچك كوڭلۇمنى،
يامان بولماس يوقليسيڭز نازيمى قۇلنى.

## ٤٤. مەرديگنى نەمەردكە مۇحتاج ئەيليمە ناخشيسى

بارغينمدا ياز بولۇبدۇر، يانسام زيمستان،
كەچكەن كۇنۇم كەچمەسميدى سەندن ئايرلسام.

ھاۋاميكن، بۇلۇتميكن قارنى ياغدۇرغان،
جۇگانميكن، چوكانميكن كوڭۇل ئالدۇرغان.

تولا بارسام ئاچچق قلب يامان سوز قلماك،
بۇ كوڭۇلنك خاھيشيدۇر سزگە باردۇرغان.

## ٤٥. ۋاى دادەى ناخشيسى

ئاقدۇر بلەگم ئاقدۇر،
ياردن تەلييم يوقدۇر.
ياردن تەلييم بولسا،
ئولسەم ئارمينم يوقدۇر.

يارنى ئوييدە قويۇب،
باغدا مەشرەب ئوينايلى،
قاشنى تەۋريتب قويۇب،
يارنى قيبناب ئوينايلى.

قز هەمميسى يار بولماس،
يارنڭ قەدرينى بلمەس.
قزلار كوچيدا كوپدۇر،
قزنى ئاللاب ئوينايلى.

## ٤٦. مەن حەيران ئارسلان خان ناخشيسى

سايراڭ بۇلبۇلۇم سايراڭ، قزل گۇل شاخى سۇنسۇن،
يار ئايريلمەن دەيدۇ، ئايريلب كوڭلى تنسۇن.

بۇ عالەمگە كيلب تابقان مينڭكى ميهريبانمسەن،
كوزۇمنڭ روشينى، كوڭلۇمنڭ خۇشى، ئارامى جانمسەن

ئشیگڭدن قاۋۇمەن، چۇن غۇلامڭنڭ غۇلامى مەن،
مینڭدەکلەرگە شەفقەت ئەتکەلى شاهى زامانمسەن.

لەبى لەعلى زۇلالڭ بزگە دۇرکم ئەبەحیۇن،
ئولۇك ئەنلەرنى زندە ئەتکیلى رۇحى راۋانمسەن.

بۇ نازم ئەیتەدۇر، یۇز ئلتیجا ئەیلەب نیکارمغا،
ماڭا پەندى نەسیحەت ئەتکلى بر نۇکتە دانمسەن.

## ٤٧. ئالتۇن جان ناخشیسی

قاراب کوزلیرم تالدی،
بر سوزۇڭنی بەرمەیسەن.
نیمە مۇنچە زار بۇلدۇڭ،
سویۇب قویغاننغا ئولمەیسەن.

مینڭ مەقسەد کینەم شۇدۇر،
سینڭ ئالدڭدا جان بەرسەم.
ئایاغمدا مادارم یوق،
بارب بیشڭدن ئورگۇلسەم.

مینڭ بۇ خەستە کوڭلۇمنی،
چرایلق مەعشۇقۇم ئالدی.
راست سوزۇڭنی ئیېت یارم،
جان کچیکنە قالدی.

مىنىڭ يارىم ئەجەب دانا،
ئەجەب رەئنا، ئەجەب خۇشخۇي.
ئاخشاملىقتا مەن بارايى،
ئىشكنى تاقىماي بوش قوي.

مىنىڭ يارىم ئەجەب رەزگى،
ئوينايدىغان ۋاختى.
ئىچمەيدىكى دەردلىرىم،
قانغا ئورۇلۇپ ئاقتى.

مىنىڭ يارىم سەفەر كەتتى،
مىنىڭلا مۇندا يارىم يوق.
كويەر ئوتقا سىيلىپ قويدى،
مىنىڭ تارتماسقا چارەم يوق.

مىنىڭ دەردمنى سەن تارتقان،
سىنىڭ دەردىڭنى مەن تارتقان.
كىيچەلەر تالى مەجنۇندەك،
بىلىڭغا چىرمىشىپ ياتقان.

كوچەت تىكدىم سوگەت بولدى،
بىر قاراڭغۇ باغ بولدى.
يارىم قىلغان ئاھانەت،
يۈرەكىمگە داغ بولدى.

يارنىڭ ئىشىكى تاللىق،
شاخ - شاخىدۇر مارجانلىق.
سىنى سويگەن ئاشقلار،
هەر كوچىدا هەيرانلىق.

ئوستەڭ بويىدا يالپۇز،
يالپۇزنىڭ شىخى يالغۇز،
ئەقىللىق مىنىڭ يارىم،
يىغلاپ يۇرگىدەك يالغۇز.

ئوستەڭنىڭ تىگى لايدۇر،
دەسسىسەم لىغىرلايدۇ.
يارمنى خىيال قىلسام،
يۇرۇگۇم چىغىلدايدۇ.

ئوستەڭنىڭ تىگى قانتىق،
چاپاي دىسەم كەتمەن يوق.
دەردمنى ئىيتاي دىسەم،
ئوزەمگە ئوخشاش دەتمەن يوق.

## ٤٨. ئاھ يالارەي ناخشىسى

لەيلى مەجنۇن شاخ ئىگىلدى،
يار ئىگىلمەيدۇ ماڭا.

يه كيلىپ جىنىمنى ئالغىل،
يه كوڭۈل بەرگىل ماڭا.

كەت دىسەڭ سەھرا كىتەي،
قالدى قەشقەرىڭ ساڭا.
ئەلىمگىنى تولا ناردىم،
روخسىتىڭ بارمۇ ماڭا.

ئىگز ئوگۈزە گەگە چىقىپ،
شادلىشىگەن ئورگۈلەي،
تال چۆيقىدەك تولغۇنۇپ،
مىگىيشىگەن ئورگۈلەي.

قۇرغۇيۇم ئۇچىدى قولۇمدىن،
قايدا مىھماندۇر بۇگۈن.
دەغلى بەرمەگىلەر يارمغا،
كوڭلى پەرىشاندۇر بۇگۈن.

مەن كىتەر بولدۇم يارم،
عەرزىم بايان ئەيلەپ كىتەي.
مىھرىبانىم قالدى دەپ،
چوللەردە قان يغلاپ كىتەي.

قارا قاش بولغان بلەن،
كەلمەيدۇر قىيشمغا مىنىڭ،

بۇ مالامەت تاغليرى،
سيرلدى بيشمغا مينڭ.

ئيككيمز برديمەتلك،
باغديكى غۇنچە ئيدۇك.
عەجەب ئايريدى خۇدايم،
ئايرلماس بز يار ئيدۇك.

هاۋادا پارچە بۇلۇت،
يامغۇر ييغب ئوتكەن ئەمەس.
ئككى عاشق بر بولۇب،
مۇراديغا يەتكەن ئەمەس.

مەن بيلمنى باغليدم،
قل بلەن هەم سم بلەن.
سەن عەقيدە باغليساڭ،
عومرۇم ئوتەر سينڭ بلەن.

يار يراقدا، بز فراقدا،
ۋەعدە يالغان بولميسۇن.
خەلقى عالەم بر بولۇب،
يولدن چقارغان بولميسۇن،

ئشيگگە مەن كەلدم،
گۈل زاراڭزا تەرگيلى،

گۈل زاراڭزا بانە بولدى،
ئاي ئۈزۈڭنى كورگيلى.

ئاي ئۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشدى سىپلغا سايىسى.
خويما يىراق بولۇبتۇ،
ئىككىلەننىڭ ئارىسى.

## ٤٩. لەيلۇن يارەى ناخشىسى

ئاق بوز ئاتنىڭ قۇيرىغى يەرگە سورىلەمدىكى،
ئوزەمنىڭ مەعشۇقى بولسا، بىشمدن ئورگىلەمدىكى.

ياخشى ئاتقا ئىمىدى، شەھەر يولۇڭنىڭ ئارىسى،
پاختىدىن يۇمشاق ئىكەن، ئىككى ئەمچەك ئارىسى.

ئاتنىڭ ياخشىسى جەدە، دىگەن يەرگە يەتمەيدۇ،
ئەل يارىنى ماختايدۇ، بىزنىڭ يارغا يەتمەيدۇ.

تورۇق ئاتدا تورۇق بار، ئاق بوز ئاتدا قۇيرۇق بار،
سويسەڭ ياخشىنى سويگن، قيامەتدە سوراق بار.

ئاتلىرىڭنىڭ ئچىدە منگيدەك ئىتىڭ بارمۇ،
يىنىپ ئارقاڭغا قارايسەن، يارغا برگيڭ بارمۇ.

ئاتنى ئوينۇتۇپ چقدۇق، قورغاسىنىڭ غولى بلەن،
ئوينىساڭ تۈزۈك ئوينا، ھەر ئىشنىڭ يولى بلەن.

ئېتمنى توقۇپ قويۇپ، ئاتنى مندىم قايرلدم،
دۇشمەن سوزيگە كرب، مەن يارمدن ئايرلدم.

ئېتمنى توقۇپ قويدۇم، شۇۋيرغان يامان قاردا،
بېشمغا هەر بالا كەلسە، خىيالم تيخى سەن ياردا.

سەن ئېتكنى ئوينۇتۇپ، دۇشمەنلەرگە بات قلما،
سەن يارم مينى ديسەڭ، بولەك يارنى ياد قلما.

ياخشى ئاتنى منگەندە، ئالدم قولۇمغا قامچى،
يارمغا ياراشبدۇر، پوپۇش بلەن تزلامچى.

ئاتنى ساتميسام بولماس، دەردنى تارتميسام بولماس،
پۇلۇم يوق ديگەن بلەن، خوتۇن ئالميسام بولماس.

يامغۇرلار تولا ياغسا، ئويدن ئوتيدۇ تامچى،
مەن يارنى سيغنغاندا، پۇتۇم ئات، قولۇم قامچى.

## ٥٠. يارەى ناخشيسى

ۋاى ئاتلارنى هايدامسزلەر مۇزداۋان بلەن،
ۋاى بر ياخشينى قينامسزلەر بر يامان بلەن.

ۋاى باردۇرمز، يانادۇرمز ياخشى قيلغلار،
ۋاى ئيگزداۋان ئاشادۇرمز شوتا سيلغلار.

ۋاى ئۇ تيغدن بۇ تيغغا قۇرغۇى سيلشدۇق،
ۋاى قزل گۇل غۇنچيسيدەك كوكۇل ئيلشدۇق.

ۋای قزل-قزل قیاقلقدا قیینالدم سزگه،
ۋای قزل گۆل غۆنچیسیدەك ئیگلدم سزگه.

ۋای ئەریباندن نیری دوستلار ئەگكەن بۆغدایم،
ۋای بر یاخشینی بر یامانغا قوشقان خۆدایم.

ۋای سم-سم دەیدۆ، سم-سم دەیدۆ، سم-سم قوینۆمدا،
ۋای زەررە گۆناه مەندە بولسا قلچ بۆینۆمدا.

ۋای ئۆیان ئوتەی بۆیان ئوتەی، چشگغا تیگەی،
ۋای ماڭا قویغان ئالمیڭزنی ئایلیڭز بیگەی.

ۋای ئۆقاندا سەن، بۆ قاندا مەن، قاچان كورەر مەن،
ۋای خۆدا بەرسە سینی یارم، بر كۆن سویەر مەن.

## ٥١. ئاللایەی ناخشیسی

ئاسمانديكی ئۆچ ئودەك،
ئۆچیلیسی برخلدەك،
كچیكینه یارم بار،
ئیچلغان قزل گۆلدەك.

یار بولسا یاراشقیدەك،
دۆشمەنلەر ماراشقیدەك،
ئوزی ئۆیقیدا تۆرۆب،
ئویغۆنۆب كوز ئاچقیدەك.

يار يالغۇز ياتامدىكىن،
مەن بارسام قارامدىكىن،
خويما تولا سىغىندىم،
خىيال قلب ياتامدىكىن.

ئاخشاملىقتا يار كەلسە،
بىر بەلگۈ ئىلىپ قالسام،
ھەرگز تۆيمۈسۈن دۈشمەن،
يارنىڭ كەلمىگى ئاسان.

يار دەردى يامان ئىكەن،
مەن ئورە تۇرالمايمەن،
باراي دىسەم يول يىراق،
ۋاختىدا كورەلمەيمەن.

بۈگۈن كىچە چۈش كورسەم،
چۈشۈمدە مەيدەم ئاغرىدۇ،
يار مەندىن يامانلابتۇ،
نىمىدىن كوڭلى ئاغرىدۇ.

يار بار مەليگە بارسام،
يۈرۈگۈم پوكۈلدايدۇ،
دۈشمەنلەر مىنى كورۈپ،
خويمىغۇ كوتۈلدايدۇ.

بۈگۈن كيچه چۈش كورسەم،
چۈشۈمدە يولغا بارغۇم بار.
قولۇمغا پچاق ئيلب،
يۈرەكيگە سالغۇم بار.

قوليغا پچاق ئالغان،
ئوغۇل باليلق ئەمەس،
عاشق تۇتقان ئەرلەرما،
پچاقلارغا بوى بەرمەس.

يينمغا پچاق ئاسلم،
ئينك چوكيسى دەندان،
ئوينيميساك ئوينيما،
سينگدەك چوكان چەندان.

ياغاچ پچاق ئاسقانلار،
بازارغا كيلەلمەيدۇ،
يالغۇزلا پچاق بلەن،
چوكانني ئالالمايدۇ.

پچاقني سالاى ديسەم،
يارم قولۇمني تۇتدى،
ئەگمە قيشيني ئيتب،
مينك كوڭلۇمني ئۇتدى.

سارغايغان كوكاتلارنڭ،
سايىسى بولامدىكن،
يارغا كويگەن يۆرەكنىڭ،
تازىسى بۆلامدىكن.

ئاق يارغا ساراي سالدىم،
مەخمەل بلەن ياپتۇردۇم،
سەفەر كەتكەن يارمنى
خۇدايمغا تاپشۇردۇم.

## ٥٢. دوستلارىم يەى ئاخشىسى

كەفتەتال هەم كەفتەتال، كەفتەتالدا كەفتە بار،
كەفتىر گنى بەرمىسەڭ، جىنىڭ قۇرۇب ئولۇب قال.

يارنىڭ يىنىدا باغدا، بۆلبۆل تولا سايرايدۇ،
خۇدا قوشقان كوكۆلنى دۇشمەن قانداغ ئايرىيدۇ.

هاۋا تۇتۇلۇب قاپتۇ، ئوگۆزىدە قار بارمۇ،
ئالەمنى كىزب كەلدىم، سەندەك ياخشى يار بارمۇ.

ئالتە شەهەردە بارمىكن، سەن يارمدەك ئاى چراى،
ئىلاندەك تولغۇنۇب چقساڭ، قانداغ سەندىن ئايرىلاى.

ئالتۇن بلەن رەعنانى، مەن يارغا تۇتاى دەيمەن،
مەن بولسا خىرىدارى، بر قەترە يۇ تاى دەيمەن.

هاۋادىكى لاچىننىڭ بېشىدا تۇماغاسى،
بىر سۆيۈپ قويۇڭ يارىم، جىنىمنىڭ سادىغاسى.

قىز بالا دېگەن نەرسە، تويغا ئەگىنىنى كىيسە،
بويىنىدىن ئۇتتۇپ تۇرۇپ، شېرىن لەۋىگە سۆيسە.

چىچەك نېمە ئۈسمەيدۇ، تېرىمىسەن ئۈسمەيدۇ،
يارىڭ نېمە كەلمەيدۇ، چىللىمىسەن كەلمەيدۇ.

قىزىل گۈل ئېچىلمەيدۇ، بۇلبۇلنىڭ سادىسىنى،
ئولسەم ئارمىنىم يوقتۇر، بىر كۆرسەم جامالىنى.

ئۇچاڭدىكى پەشمەتنى، بىر يىللىق بولا دەمسەن،
كۆڭلۈمدىكى يارىم سەن، ئايرىلسا ئۆلە دەمسەن.

## ٥٣. نازىرگۈل ناخشىسى

يارىمنىڭ بويى زىبا،
زىبا بويىدا گۈل بار،
شېرىن سۆزلىرى تاتلىق،
ئايدەك يۈزىدە خال بار.

قېشىڭىزنى ئاتتىڭىز،
بىزنى تاشلاۋەتتىڭىز،
بوقمىدى ئۇيياتىڭىز،
زار-زار قاقشاتتىڭىز.

قۇشقاچلا ۋيچرلايدو،
قۇرغۇي كەلگەن ئوخشايدۇ.
يۇرەكلەر جغلدايدۇ،
يارم كەلگەن ئوخشايدۇ.

چلان باققا كرمەيمەن،
چلان باغدا ئيلان بار.
يار قيشيغا بارمايمەن،
يارنڭ بولەك يارى بار.

دەرۋازاڭ عەجەب يوغان،
ئلب قويغيلى بولماس.
كشينڭ قوليدا يارم،
سويۇب قويغيلى بولماس.

تشكنى قييا ئاچقن،
تۈزۈڭنى كورۇب ئالاى.
قۇلاقڭدن تۇتۇب تۇرۇب،
ئاغزڭغا سويۇب ئالاى.

ئشككە چقيۋاپسەن،
سەن كوزۈڭنى ئوينۇتۇب.
سينڭ بر خيياڵڭ بار،
مەن غيربنى قاقشيتب.

يارنىڭ بېغىغا كرىپ،
ئۈرۈك ئرغىپتاى يارىم:
ئۈرۈك ئۈچىدا تۇرۇپ،
سىنى يغلىپتاى يارىم.

كويۇپ كۈل بولمىغان ئىدىم،
يىنىپ ئوت بولمىغاى ئىدىم.
ساڭا بەرمىسەم كوڭۈل،
مۇنچە بولمىغاى ئىدىم.

كورۈنگەن قارا تاغدا،
ئات قارنىدا ياغدى قار.
ئايرىلىپ كىتەى دىسەم،
كچكلىكدە تۇتقان يار.

كورۈنگەن قارا تاغلار،
ئارقىسى ئىنىڭ باغلار.
بزنىڭ يار كچك باللار،
بىلىغا دۈردۈن باغلار.

مەن بىغىڭنىڭ تىشىدا،
سەن بىغىڭنىڭ ئچىدە.
سەندەك نەچچە چوكانلار،
رومالىنىڭ ئچىدە.

ئومیگزنی مەن ئوردۇم،
ئونچیگزنی سابلیمای.
یینیگزدا یار تۇتدۇم،
ئوتیگزغا پایلیمای.

شەهەردیکی بایلارنڭ،
ئککیدن سارایی بار.
بزنڭ قارا کوز یارنڭ،
ئالتۇندەك چرایی بار.

## ٥٤. نەچچگگە بولای خانم ناخشیسی

ئوگۇزەگگە ئیلان چقدی،
یەلپۇنۇب جۇگان چقدی.
کیگەشنی پشۇرغاندا،
ئسمائیل دۇگان چقدی.

قۇشقاشچە مینڭ جانم،
نەچچگگە بولەی خانم،
نەچچگگە بولۇب کەلسەم،
یەتمەیدۇ مینڭ جانم.

یان یەرگە سارای سالدم،
شامال کەلسە داللا دەب.

ئارزۇلاب سىنى ئالدم،
قز-جۇگاننڭ ئالدى دەب.

ئويىمز شامال باغدا،
بارسىلا تاپالاملا،
ئشك بىشىدا ئاچقۇچ،
ئشكنى ئاچالاملا.

دەريا بويى قومۇشلۇق،
ئينڭ تۇۋىدە قوراى،
مەن ساڭا كويۇب قالدم،
ئيرڭ بار مىكن سوراى.

سيرق چىچەك سايدا بار،
سزدەك جۇگان قايدا بار،
سزدەك جۇگاننى سويسەم،
قييامەتدە فائيدا بار.

مىنى مۇندا قويامسەن،
ئوزەڭ ئاندا بارامسەن،
ئاتام سالغان بىغمدا،
ئويناتقيلى قويامسەن.

ئاسماندا ئۇچۇب يۇرگەن،
بر بالغوز*قارا قاغا،

بارساڭلا سالام دەگلا،
بزنى سوريغان يارغا.

كيچە بولسا ياتمايمەن،
پەنجيرەگدەن پاتمايمەن.
راس گيپڭنى ئيتمامسەن،
سينڭ دەرديڭنى تاتمەيمەن.

بايتۇقاينڭ يوليدا،
ئالا ئودەك ئزى بار،
ئون بيشى ئاكام ئوييدە،
ئوتتۇز ياشدا قزى بار.

سز مينى كچك ديمەڭ،
سەكرەب سوييمەن سزنى.
هەر قانچە كچك بولسام،
ئوتقا ساليمەن سزنى.

## ٥٥. ئاللا يارم ناخشيسى

ئاللا يارم خيياليڭز ئەنجانچە بولكمۇ،
كچكلكدە ئويناب ئيدۇق ئەندى يول يوقمۇ.

ئاللا يارم خييالڭنى بلب بولمايدۇ،
سيلەر يۇرگەن كوچيلاردا يۇرۇب بولمايدۇ.

قارچيغينڭ باليليرى،
ياتۇر ئالتۇن ئۇگيدا.
ئەندى بارسام تونيمايدۇ،
ياماق، ئەسكى جۇگيدا.

جانم بوز ئات، خانم بۇز ئات،
بوينۇڭنى ئۇزات.
بۇگۇن كيچە يارقيشيغا،
يەتكۇز گۇن بوز ئات.

بۇگۇن كيچە يار قيشيغا يەتكۇزسەڭ بوز ئات،
باشكينەڭدن يۇگەن ئيلب، قويارمەن ئازاد.

تەقدر ئاللا-تەقدر ئاللا حالم قالميدى،
يار قيشيغا بارار ئيدم، نوخۇ چلليدى.

سوريساڭلار شۇ توخۇدن نە دەب چلليدى،
قونيغيدن ييقيلب چۇشۇب، بوينى سۇنميدى.

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ مينڭ يارمنى،
ئيگز داۋان ئاشدى دەيدۇ، بويى نالمنى.

ئيگز داۋان ئاشميغۇنچە قارا كورۇنمەس،
قارا يورغا منميگۇنچە چوللەر كيزلمەس.

قارا يورغا باريدا قاناتلق ئيدم،
تاغدا كييك ياپاق بولسا، مەن ئاتلق ئيدم.

قارا يورغامنى ئولتەردى قارا قل قامچى،
ئيگەر-توقۇم يولدا قالدى، بيلمدا قامچى.

قزل سۇنك بيلقليرى قازاندا قاينار،
حارام زادە باينك قزى قوينۇمدا ئوينار.

ئاتليرمنى قويۇۋەتدم كوكۇ بۇلاقغا،
بزنك غازلار چقديميكن جيگن بۇلاقغا.

بۇ يولدا ئوكسيمەيدۇ تۇققۇز تارالق،
مەن يارمدن ئايرلغيلى كوڭلۇم قاريلق.

ئاتام مينى تاشليۋەتدى ئەسكى چالمادەب،
ئانام بولسا باقار ئيدى قزل ئالما دەب.

ئاتام مينى چاكا بيرب، يامبۇ تاپامدۇ،
مۇشۇ كۇندە ئولۇب كەتسەم قۇمدن تاپامدۇ.

## ٥٦. گۇل مەعشۇق قوشيغى

مينك يارم عەجەب رەعنا،
عەجەب رەعنا ئوزى خۇشخۇى.
بۇ گۇن تۇندە باريمەن،
ئشكنى تاقيماي بوش قوى.

گۇل مەعشۇق ديگەن بلەن،
ئوقەت قاليدۇ چەندە.

کچیکینه قارا کوز،
یغلاب یۇرگیدەك چەتدە.

بر کیچە قونۇب قالدم،
ئورۇلگەن تیمگلاردا،
بارساڭ سالام ئیيتقن،
قارا کوز یینگلاردا.

قلۇیدن بوران بولسا،
یار بۇرنۇمغا پۇرایدۇ.
جینمنڭ خوشنیسی دۇشمەن،
مینی کمدن سورایدۇ،

تاققا چقدم ئرادە،
یینب چۇشدۇم پییادە.
کچیکنە یارم بار،
قزل گۇلدن زییادە.

چۇغلۇق گۇللیری تاغدا،
ئیچیلبنۇ هەر یاندا.
بەشنچی باهار ئایدا،
مەن یارم بلەن باغدا.

ئودەك بلەن کەررەگنىڭ،
سۇ چیچشقینی خوبدۇر.

عاشق بلەن مەعشۇقنىڭ،
كوز بيقشقينى خوبدۇر.

گۈللەر ئيچيلب تۇرسا،
بۇل-بۇل سايريشب تۇرسا.
برى عاشق، برى مەعشۇق،
بر-بريگە قاريشب تۇرسا.

## ٥٧. يولەن ناخشيسى

I

هاى هاى يولەن هاى يولەن، گۈل قايدا بار،
بر ياخشيغا بر يامان هەر جايدا بار.

هاى هاى يولەن هاى يولەن بارمۇ حايات،
قارچيغيدەك بويۇڭغا، بولدۇم ساياد.

هاى هاى يولەن هاى يولەن هاى نە قلاى،
خەنجەر ئيلب يۈرەكنى پارە قلاى.

هاى هاى يولەن هاى يولەن قار كيليدۇر،
بەرگى غازاڭ تونني كييب يار كيليدۇر.

بەرگى غازاڭ تونينڭ بەرگى تولا،
قز ئالميغان يگتنڭ دەردى تولا.

قارا-قارا قاغىلار خاماندىدۇر،
قىز ئالمىغان يىگىتلەر ئارماندىدۇر.

قىزىل-قىزىل پىيازنىڭ پوستى تولا،
ئويلەنمىگەن يىگىتنىڭ دوستى تولا.

ئالا-ئالا كوكىنەك پاقا ئالۇر،
ئويلەنمىگەن يىگىتلەر خاپا بولۇر.

ئاق-ئاق تۇرغاي ئاق قۇشقاچ چاپ-چاپ قىلۇر،
ئويلەنمىگەن يىگىتلەر تويغا كىلۇر.

سىرىق-سىرىق، سىرىق قۇش هۇ-هۇ دەيدۇ.
ئويلەنمىگەن يىگىتلەر ئارمان يەيدۇ.

يىشىل-يىشىل كوك قاغا تاغدا ياتۇر،
ئويلەنمىگەن يىگىتلەر قايدا ياتۇر.

يىگىت كوڭلى خوش بولۇر خوتۇن ئىلىپ،
قىز كەلگەندە ئۇخلاشۇر ئورۇن سىلىپ.

ئاپپاق-ئاپپاق توشقانلار سايدا تولا،
ئويلەنمىگەن يىگىتلەر تويدا تولا.

شىلدىر-شىلدىر قومۇشقا سىرغام چۈشتى،
سىنالمىغان يىگىتكە سىڭلىم چۈشتى.

ياخشى-ياخشى موللاملار نكاح قلڭ،
كۆن ئولتۇرۇب، كەچ بولدى، قزنى بيرڭ.

II

يغليما قز، يغليما قز تويۇڭ بولدى،
ئالتۇن گۈللۈك كوشۇگە ئويۇڭ بولدى.

ئاۋۋال باشلاب خۇدانى ياد ئيتيلى،
مۇحەممەدنڭ رۇحينى شاد ئيتيلى.

يغليما قز، يغليما قز خۇش بولۇرسز،
قارچيغيدەك ييگتكە توش بولۇرسز.

يغليما قز خوشال بولغل تويليشكدۇر،
ئالتۇن بويلۇق گۈل ييگت ئوينيشكدۇر.

ئالتۇن بويلۇق ييگت بلەن بويليشۇرسز،
بر ئورۇننڭ ئچيدە ئوينيشۇرسز.

يغليما قز فەريدۇندەك بەختڭ بولۇر،
ئالتۇن گۈللۈك كوشۈگيدە تەختڭ بولۇر.

يغليما قز بۇ گۈن ساڭا بەخت بيقبدۇر،
كوشۇگەڭگە ئالتۇندن ميخلار قيقبدۇر.

ئاپتاۋيدا سۇ قۇيسام ئليمايدۇر،
قز ئانيسى ئوگەيميكن يغليمايدۇر.

III

کچیکنه قارا کوز ۋای بالام، ۋای بالام.
تلی تاتلق شبرن سوزلوك ۋای بالام، ۋای بالام.

مەن بالامنی بەرمەتدم ۋای بالام، ۋای بالام.
ئاخچیسینی ئالماتدم ۋای بالام، ۋای بالام.

بالام مەندن تایرلدی ۋای بالام، ۋای بالام.
قاناتلیرم قایزلدی ۋای بالام، ۋای بالام.

ئویدە یالغوز قالارمەن ۋای بالام، ۋای بالام.
کەلسە تارتب ئالورمەن ۋای بالام، ۋای بالام.

ئون بەش یاشقا یەتمیگەن ۋای بالام، ۋای بالام.
ئورسام ئویدن کەتمیگەن ۋای بالام، ۋای بالام.

ئوچوب کەتدی ئویومدن ۋای بالام، ۋای بالام.
غایب بولدی کوزومدن ۋای بالام، ۋای بالام.

بالام بیرب ئوخلیغای ۋای بالام، ۋای بالام.
بالامنی حەق ساقلیغای ۋای بالام. ۋای بالام.

شوکقارمنی قاچوردوم ۋای بالام، ۋای بالام.
خودایمغا تاپشوردوم ۋای بالام، ۋای بالام.

# مۆحەبەت    قوشاقلیری

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
مولجا قىلىپ ئەن جاينى.
يار يادىمغا كەلگەندە،
ئىچمەي قويىمەن چاينى.

ئەللە ھەر نىمە دەيدۇ،
بىر قارا كورۈنگەننى.
ئەقلى بولسا ئۇخمامدۇ،
مىڭ ئولۇب، تىرىلگەننى.
ئاخشىنى تولا ئىيتسام،
ئەل مىنى ساراڭ دەيدۇ.
ئوزەمنىڭ ئانام بولسا،
دەردى بار بالام دەيدۇ.

مەن ئوزەم كىچىك چاغدا،
كالا باقىمەن تاغدا.

بۇلبۇل سايريغان چاغدا،
مەن يارم بلەن باغدا.

قزل گۇل تارام-تارام.
دوليتم ئانا-ئانام،
يار ديگەن كوڭۇل خۇشى.
ترلمەيدۇ ئانا-ئانام.

يار دەيسەن، يانا دەيسەن،
يار قەدرينى بلمەيسەن.
يار قەدرينى بلگەندە،
تاڭ سەھەردە يغلايسەن.

مەن يتمغا كم قويۇبتۇ،
سوديگەر يار تۇتقينى.
سوديگەر سوديغا كەتسە،
ئولتۇرۇب قان يۇتقينى.

يارم ئۇسۇل ئوينايدۇ،
ئورۇلۇپما، چورۇلۇب.
شۇنچە تەلنك ئچيدە،
قزل گۇلدەك كورۇنۇب.

ئاقسۇ يولى مۇز داۋان،
مۇز داۋاندا بر جۇگان.

ئۇ جۇگاندىن حال سورىسام،
ئوز يارىدىن ئايرلغان.

قولۇمغا سوقۇۋەتدى،
باك ـ باگزا بلەن تورتنى.
عاشق دەب ئۇنارمەنمۇ،
قەدر بلميگەن دوتنى.

زيمستان كورميگەن بۇلبۇل،
باهارنىڭ قەدرينى بلمەس.
جاپانى چەكميگەن عاشق،
ۋافانىڭ قەدرينى بلمەس.

كوك قومۇشقا ئوت قويسام،
مەن ئۇنى كويمەس ديدم.
ئوزى ئاق، كوڭلى قارانى،
مەندن ئايرلماس ديدم.

سەن عيزيز ئەتكەن قۇلۇڭنى،
خار ئيتەلمەيدۇ كشى.
سەن ئەگەر خار ئەيليسەڭ،
هەر جايغا بارسا خار كشى.

بر قاراڭغۇ باغ ئچيدە،
برگينە زيلۋا تيرەك.

بۇ سىنىڭ زىلۋا بويۇڭغا،
گۈل ئارا دىمچا كېرەك.

كېچە يېتىپ چۈش كۆردۈم،
تولغان ئاي قوينۇمدا دەپ.
ئاھ دەپ ئويغۇنۇپ كەتتىم،
پارە يۈرۈگۈم كويدى دەپ

چىنە-چىنە سۇ ئىچەرمەن،
كۆيۈگۈم پەسلەرمۇ دەپ،
بۇ بىيىتنى سىزگە ئېيتتىم،
دۇنيانىڭ چىچىگى دەپ،

قارا قۇش ئېغىر نېمە،
كۆتەرگىلى بىلەك كېرەك.
ھوسمىيسى يەكدەك جۇگاننى،
سوپگىننى يۈرەك كېرەك.

ئۈزى ئاق، كۆڭلى قارا،
خۇش دەرد ئەلەم قىلدى ماڭا،
قىلغىنىڭ كۆڭلۈڭدە تۇرسۇن،
مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

بارىسەن بىر-بىر بىسىپ،
دەريا سۈيىدەك ئايرىلىپ،

مۇنچيما باغرڭ قانامۇ،
باقميدڭ بر قايريلب.

مەن ئوزەم ئۇستا بولۇب،
سالدم ياغاشقا رەندينى.
كمگە ئييتب كمگە يغلاى،
بى ۋافانڭ دەردينى.

ئاق بيلق، ئاپپاق بيلق،
ئافتابدا ياتقينڭ قينى.
مينى يامان دەب بيرب،
ياخشينى تاپقينڭ قينى.

ئزليمەس كوڭلۇم مينڭ،
بار ئزليگەننڭ يارى بول.
كم سينى يارم ديسە،
بيرب شۇنڭ گۇلزارى بول.

چوڭ بۇغرا كچك بۇغرا،
يارنڭ منگينى يورغا.
يارنى كەلگيدەك دەيدۇ،
چقب تۇرارمز يولغا.

بارغينى باردۇر خيالم،
يالغينى يوق تاقيتم،

يارمنى سيغنغاندا،
ئۈچقينى يوق قانيتم.

كەلميدى يار كەلميدى،
نە بولدى يارم كەلميدى.
ئيتينك ئاياقى سۇندى،
باهانا بولدى كەلميدى.

ئيتينك ئاياقى سۇنسا،
ئات ئيلب منمەسميدى.
يارنك كوڭلى ياردا بولسا،
بر كيلب كورمەسميدى.

يارمنى كەپتۇ ديسە،
يۇگرەب چقاى بيشم بلەن.
يارم ماڭغان كوچيلارغا،
سۇ سيپەى ييشم بلەن.

ئالميلق باققا كرب،
بر ئالمينى يەرمۇ كشى،
ئالميدەك يارى تۇرۇب،
ديۋانينى دەرمۇ كشى.

كيتب بارغان ئايلامنك،
تۇگميسى قاتار-قاتار.

نۇگمىسىنى يەشكىچە،
توخۇ چىلاپ تاڭ ئاتار.

هاي ئايلا جۇگان ئايلا،
مىنىڭ مەيلىمگە باقسا كىچۇ.
سىنىڭ مەيدەڭ داۋا بولدى،
كىلىپ مەيدەڭنى ياقسا كىچۇ.

ئەل مىنى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
مەن ئۆزەم يىتىم ئوغۇل،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

ساي بىلەن يۈگرەپ ئىدىم،
سايدى ئاياقىمغا تىكەن.
نىمە دەپ يۈگرەپ ئىدىم،
يار قايرىلىپ باقماس ئىكەن.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شىخىدا بۇلبۇل سايرىدى.
زەپ خۇدانىڭ تەقدىرى،
يارىمنى مەندىن ئايرىدى.

ئاسماندىكى بوز تورغاي،
سايرىمىساڭ نە بولغاي.

كچيكينه يارمنى،
قيينىميساڭ نه بولغاى.

ئاغرب ئيدم ئولگينى،
يارم كەلدى كورگينى.
قوپقيدەك مادارم يوق،
يارغا تازم قلغينى.

ئاينى ئاسماندا ديسەم،
تار كوچيدا ئاى بار ئيكەن.
سينى چرايلق ديسەم،
سەندن چرايلق بار ئيكەن.

بر ياخشى ئيتم بولسا،
تاغدا ئوليمايمەنمۇ،
كوڭلۇمديكى يار بولسا،
بيتب ئۇخليمايمەنمۇ.

كاككۇگۇمنڭ ئۇنينى،
قەشقەردن ئاڭلاب كەلدم.
يارم بەرگەن پوتينى،
بيلمغا باغلاب كەلدم.

گۇل تيريدم كورسيله،
هوسما تيريدم كورسيله.

بر قويۇم هوسما بيرەى،
بوينۇم قۇچاغلاب سويسيلە.

تاقتا چقدم تال ئۇچۇن،
قورغۇى باليسى بار ئۇچۇن.
ئوتقا سالسا كويمەس ئيدم،
ئوتسز كويدۇم يار ئۇچۇن.

دوستا دوس قلديك مينى،
دۇشمەنگە دوس قلديك مينى.
سۇرە ياسنني ئوقۇب،
ئايرلغۇسز قلديك مينى.

ئاق تاشنى ئيگز دەيدۇ،
ئاق بوز تاشقا يەتمەيدۇ.
ئەل قزيني ماختايدۇ،
هەجەرخانغا يەتمەيدۇ.

كەتدى دەب كوڭلۇڭنى بۇزما،
كەتميسەم نالەت ماڭا.
ئالتى تال قارا چيچمدن،
ئوزگيسى دۇشمەن ماڭا.

مەن قۇشۇمنى غازغا سالدم،
كم سيلبتۇ قاغيغا.

ئالته قاغا بر بولۇب،
ئالدى قۇشۇمنى ئاريغا.

ئورۇكلەر پشب قابتۇ،
تۇۋيگه چۇشۇب قابتۇ،
جينمغينا شۇ يارم،
چۇشۇمگه كرب قابتۇ.

خۇش بەختى ساعاديتى،
كشى جانانيغا يەتسە.
چيكب جەۋرى جافالارنى،
كوزى مەستانيغا يەتسە.

ئاه تۇرارمەن، ئاه تۇرارمەن،
ئاهليرم تۇتقاى سينى،
كوز ييشم دەريا بولۇب،
بيلقليرم يۇتقاى سينى.

چينينى بەرمەك ناداننغا،
ئويناب- ئويناب سۇندۇرۇر.
بيۋافا كشينك يارى،
قاچان كوكۇلنى تندۇرۇر.

كەتمەكچى بولۇب قالدم،
كيتەمسەن مينك بلەن.

تورت كۇنلۇك شۇ عومرۇمنى،
ئوتـكۇزەى سينىڭ بلەن.

قاتار-قاتار قاغيلار،
يارمغا سالام دەگلا.
كوزۇم توبسا تويغاندۇ،
كوگلۇم تويمىدى يارغا.

دەريا ياقيلاب ماگسام،
توغايلارنىڭ مونچىسى.
كچيكبنه يارم بار،
قزل گۇلنىڭ غۇنچيسى.

گۇلميدى، غۇنچەميدى،
يارم سينىڭ بيشكديكى.
كيچيلەب تونالميدم،
كملەر ئيدى قيشكديكى.

يارسز عۇمرۇم مينىڭ،
مڭ ياشيسام بر كۇنچە يوق.
عشق ئوتينىڭ ئالديدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

يار بلەن بارايمۇ مەن،
يوليدا قالايمۇ مەن.

شۇ ياماتلىغان يارنىڭ،
كۆڭلىنى ئالايمۇ مەن.

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
مەن يىغلىسام سەن كۈلىسەن.
بارچە ئىشنى بىلىسەن،
ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرىسەن.

بۇل-بۇل دېگەن بىر قۇشتۇر،
سايرىسا ئۈنى خۇشتۇر.
بەش كۈنلۈك شۇ ئالەمدە،
يار بىلەن كۆڭۈل خۇشتۇر.

كۈرەدىن چىققان ھارۋا،
يانبۇلاقتا ياماشتى.
ئانامنى خىيال قىلسام،
ماڭا يىغا ياماشتى.

ئاق ئالما قىزىل ئالما،
چىچەككە جالا سالما.
ئاكام سىبنى ئالمايدۇ،
كەلگەنلەرنى ياندۇرما.

قامچام سېپى ئىرغايدۇ،
تىكلەپ قويسام تۇرمايدۇ.

دودیشاکدن قز ئالسام،
قیچب کیتب تۇرمایدۇ.

مەن یارمنی ناپار مەن،
ئانار گۈلنی ئۈزەرمەن.
مەن یارمنی تاپقاندا،
مۇرادیمغا یېتەرمەن.

ئالما گۈلی قسماکلار،
توزۇب کیتیدۇ یەرگە.
چرایلقدن یار تۇتماك،
تیگب کیتیدۇ ئەرگە.

ئشك ئالدیك بۇیادۇر،
شلدر ئەتسەك تۇیادۇر،
نازۇك سینك بلیگك،
تۇتمای تۇرۇب سۇنادۇر.

قزیرب تەڭگە سغمایمەن،
میگەر کورسەم جامالڭنی،
جاھان خەلقیغە بەرمەسمەن،
سینگدەك جوری خانمنی.

ئاق بالیخاندەب ئیتمایمەن،
سم کارۋەتدە یاتمایمەن.

سىم كارۋەتدە يانقاندا،
بىر گىپىم بار ئېيتمايمەن.

تىرەكسىز ھويلىغا كىرسەم،
بېشىمغا ئاپتاب ئوتىدى.
بويۇگدىن ئورگۈلەي يارىم،
سىنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئوتىدى.

دەردى بار بوستاندا ياتقۇنچە
چول بەياۋان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادىمىدىن،
بىلسە ھايۋان ياخشىراق.

يارمنى ئاغرىق دەيدۇ،
مەن بېرىپ كورەيمىكىن.
ئاغرىق بولسا، بولمىسا،
بېشىدىن ئورىلەيمىكىن.

ئاق گۈلۈم، قىزىل گۈلۈم،
عەجەب ۋاخدا غازاڭ بولدۇڭ.
مېنى چوللەرگە تاشلاپ،
ئوزەڭ يولغا راۋان بولدۇڭ.

قارىسام كورۇنمەيدۇ،
غالجات غولىنىڭ بېشى.

ئاھ دیسەم ئاۋال كەتدى،
قارا كوزۇمنىڭ يىشى.

ئىگز ئويمان ئوگۇزەگدە،
مەن ياتمايمەن ئوزەڭ يات.
يار دەردى مانداغ بولسا،
يار تۇتمايمەن پەندىيات.

هاراق ئچىدۇ دەيدۇ،
نەشە چىكىدۇ دەيدۇ،
ئەللە هەر نيمە دەيدۇ،
دەرد كەلگەنني بلمەيدۇ.

قاشنى قاشقا ئوليسا،
يىتەمدۇ قاشنىڭ بوييغا.
خۇدايم سيلب قويۇبتۇ،
قارا قاشنىڭ كوييغا.

يامانلق ئەيلىمەڭ يارم،
بۇگۇن تاڭلا قىيامەتدۇر.
يامانلق ئەيلىگەنلەرگە،
قىيامەتدە نادامەتدۇر.

يار مەندن يامانلابتۇ،
ئيتقان سوزليرى ماقۇل.

بىرب ئىيتك يارمغا،
مەن يارمغا ناماقۇل.

مىنىڭ ئىككى يارم با،
برى عالم، برى زالم.
برىگە ئانچە مەيلم يوق،
برى كوڭلۇمدىكى يارم.

بۇگۇن ئۈچ كۈندن بيرى،
يارىنى كورمەيدۇ كشى.
كوروب كورمەسكە سالسا،
ترك ئولمەمدۇ كشى.

باقۇا كرمەكلك ئاساندۇر،
جورا بولغاندن كيىن.
يارنى سۆيمەكلك ئاساندۇر،
مەيلى بولغاندن كيىن.

ئيلى دىگەن يەرلەردە،
ئۈن تاسقايدۇ لەگزيدە.
كچيكينە يارم بار،
قان تاميدۇ مەگزيدە.

چەكمەيسەن تاماكاڭنى،
بوقميدى چلم غاڭزاڭ.

ئزلەبمۇ تاپالميدم،
نەديدۇر سينڭ پاكزاڭ.

ئيگز ئوستەڭ بوييدا،
يار بلەن ياتدم ياليڭاچ،
قار بلەن يامغۇر ييغبتۇ،
كەل يارم قوينۇڭنى ئاچ.

مەن قاچان چوڭ بوليمەن،
يارم بلەن تەڭ بوليمەن.
گيپيگە گەپ ياندۇرۇب،
دەرديگە دەرمان بوليمەن.

يار ئشيگيدە تۇرۇب،
بر جلۋە قلاى دەيدۇ.
يۈز مڭ هيليلەر بلەن،
كوڭلۇمنى ئالاى دەيدۇ.

ئالما گۇليدەك يارم،
خينە گۇليدەك يارم.
مەن ساڭا نيمە قلدم،
جينمغينا شۇ يارم.

كەتمەكچى بولۇب قالدۇق،
مالچيلار بلەن تاققا.

بزنك يار چقب كەلسە،
كەنجە بيپينب باققا.

هاۋاديكى لاچننى،
قل بلەن تۇتاي دەيمەن،
مەعشۇغۇم چرايلقنى،
سۇ بلەن يۇتاي دەيمەن.

قارچيغام ئۇچۇب كەتدى،
پەلييمنك يوقيدن.
قارا كوز كيتب قالدى،
تەلييمنك يوقيدن.

دۇتاركنى ئاستا چالغن،
ئاق بلەكك تالميسۇن.
سويسەك ياخشينى سويگن،
ئارمان يورەكدە قالميسۇن.

باغۇەنچى بيغكنى ئاچقن،
مەيلى بار يارنى كورەي.
سايىدا كوزى خۇما،
مەستانە يارمنى كورەي،

ئيلىخو ديگەن يەردە،
شايى چاپان بەش تەڭگە.

ئازار بەرمەڭ كوڭلۇمگە،
شيرن جينم مڭ تەڭگە.

بارساڭ يار بيرب تۇرغن،
ئارقاڭدن يېتيشەرمەن.
يامان ئيرڭدن قوقساڭ،
خاليدا تيپيشارمەن.

يار منگەن توروق ئاتنڭ،
ئوڭ قۇليغيدا ئەن بار.
قورقماي چقن تالاغا،
ئشك تۈۋبدە مەن بار.

هاۋاما هاۋاميدۇر،
قار يامغۇر ياغاميدۇر.
قز ئۈچۈن يگت ئولمەك،
شەرڭدە راۋاميدۇر.

ئاه دەريغا دەردى بلەن،
مەن ئادا بولدۇم نيتەي.
زەررە گوهەرنى يۈتۈردۈم،
تاپميدم ئولدۇم نيتەي.

خويما ماڭدم بۇ يولدا،
لاچن سوقۇان توشقاندەك.

کەچ کرسە تاڭ ئاتمایدۇ،
مەن بلەن قیرشقاندەك.

کویۇمەنا کویۇمەن،
قیشی قاراغا کویۇمەن.
قیشیغا قاراپ تۇرۇپ،
شیکەر لیۋیگە سوییمەن.

ئەرزی قلای خومار کوزگە،
خوما کوزنڭ سوزی ئوزگە،
دەردیڭدە تولا یغلاپ،
سالام ئییتای جینم سزگە.

ئیگز دوڭنڭ یینیدا،
خویما بوبتۇ ئالمیلا.
ئالمیدەك یاری تۇرۇپ،
یامانی سویگەن لالمیلا.

ئامرات بلەن ئوینایمەن،
بای مینڭ خلم ئەمەس.
پۇل تاپسا ئوزی تاپقان،
تیگینی بولۇپ بەرمەس.

چریغنی یاندۇرۇپ،
قویدۇڭ موراڭنڭ بیشیغا.

مەن ساڭا بىر گەپ قىلاي،
قىرى ئاناڭنىڭ ئالدىدا.

باققا كىردىم كىچىلەپ،
سىكىلەكنى يىتىلەپ.
گۈل تۈۋىدە سويۈپ ئالدىم،
سىكىلەكنى مىكىلەپ.

ئەنتىم بارەي ئەنتىم بار،
يانچۇغۇمدا قەنتىم بار.
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ،
ئايرىلماسقا شەرتىم بار.

يارىم بەردى بەش ئالما،
بەشىلىسى قوينۇمدا.
ئۇخلاپ چوچۇپ ئويغانسام،
يارىم قولى بوينۇمدا.

قىشنىڭ قارا بولغۇنچە،
كۆزۈڭ قارا بولمامدۇ.
ماڭا شاللاق ئۇرغۇنچە،
ئۆزۈڭ قارا بولمامدۇ.

ئاخشامقى حارامزادە،
يارىم بىلەن گەپلەشتى.

گەپ قلماي قويۇب بەرسەم،
ئويناب حەددىدن ئاشدى.

يۇقۇردن چۈشۈب كيلب،
پەنجيرەگدن تاش ئاتدم.
يارم سز ئوخلاب قاپسز،
تەمبۇر چيلب ئوخاتدم.

○ ئالمۇتيغا بارمايمەن،
سايدا پۇتۇم ئاغريدۇ.
قەشقەرديكى يارمغا،
ئەندى ئچم ئاغريدۇ.

ئيتم ئۇر كۈب كرمەيدۇ،
غازى بارميكن كولدە،
قچقارسامما چقمايدۇ،
ئيرى بارميكن ئويدە.

بۇ تاغلا، ئيگز تاغلا،
تيشى بار، توپيسى يوق.
ۋەديسيدە تۇرميغان يارنڭ،
دەردى بار ۋافاسى يوق.

هاۋاديكى لاچننى،
تور بلەن تۇتاي دەيمەن.

ئالتۇن قارا كوز يارنى،
سۇ بلەن يۇتاي دەيمەن.

عەجەبمۇ كەلميديڭ يارم،
يولۇڭغا بارغيدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پچاق ئيلب،
يۈرەكنى يارغيدەك بولدۇم.

ئشيگڭدن ئوتدۇم مەن،
ئوتكينمنى تۇيديڭمۇ؟
توخۇ ئككى چلليدى،
بر چقمايسەن ئولدۇڭمۇ!

سەن قاچان كەلديڭ ئشككە،
مەن بلب ئاە ئۇرميديم.
چققينى چارە تاپالماي،
ئولتۇرۇب قان يغليدم.

ئشيگڭدن ئوتسەم مەن،
تەمبۇرۇڭنڭ ئاۋازى.
يۈرۈگمنى كويدۇرگەن،
كوينيگڭنڭ پەرۋازى.

ئشكنڭ ئالديدا سيدە،
ئانقا سيب بيرەي بيدە.

مەريەم خاننىڭ دەرديدە،
بولدى يۈرىگيم زيدە.

ئاتنىڭ ياخشيسى تورۇق،
قىزنىڭ ياخشيسى ئورۇق.
ييگىتلىك قىلاي ديسەم،
يۈتۈمدا يۇغان چورۇق.

ئات منسەممۇ ئوينايمەن،
منميسەممۇ ئوينايمەن.
قىزنىڭ ھەشيمى تولا،
جۇگان بلەن ئوينايمەن.

لەيلى قازاق قىسماڭلا،
تورزۇب كيتيدۇ يەرگە.
قىزنى عاشق تۇتماڭلا—
تيگىب كيتيدۇ ئەرگە.

چوڭ سۇدا هاراق ئچلم،
مەعشۇغۇم داڭلىق بلەن.
ئاچچيغيدا ئۇرادۇر—
هاۋارەڭ ياغلىق بلەن.

جۇگان بويينى كورسەتدى،
پەرمانمغا ئوت كەندى.

شۇ جۇگاننى بر سويسەم،
مېنىڭ تاۋيمۇ ئوسەتتى.

جان دەيمۇ— جۇگان دەيمۇ—
جۇگاننىڭ حالىنى دەيمۇ،
كىيگىنى شايى گوينەك،
قول سالغىنىنى دەيمۇ.

كىتب بارغان جۇگاننىڭ،
نىمە خىيالى بار ئىكەن.
بر بيسب، يىنب قاراب،
كمگە مەيلى بار ئىكەن.

ساى باغنىڭ جۇگانلىرى،
چىچىك نىمە ئوسمەيدۇ،
يۇمايسەن، تاريمايسەن،
شۇ سەۋەبدن ئوسمەيدۇ.

يا ئۇيان ئوتۇب كەتتى،
يا بۇيان ئوتۇب كەتتى.
يارمنىڭ ديگەن سوزى،
جىنىمدن ئوتۇب كەتتى.

«يار» دەيسەن ئىگلەيسەن،
مەيدەڭگە تومۇر بارمۇ؟

ئاخشاملققا كەل دەيسەن،
خالىدا ئويۇڭ بارمۇ؟

يارنىڭ يولىگى يىراقتۇر،
يارى بولمىسا قايدىن.
غۇنچە بويلىرىڭ زىبا،
شىرىن سوزلىرىڭ ئالدىن.

بىر كورۇپ سىنى يارىم،
قالمىدى مىنىڭ حالىم.
بىر باقساڭچۇ سەن يارىم،
تەڭ بولۇپتۇ ئەحۋالىم.

مەن سەفەرگە چىققاندا،
يار ئىشىگىدە قالغان.
«قاچان كىلىسەن يار!» دەپ،
قارا كوزگە ياش ئالغان.

ئاسماندا مىنىڭ ئايىم،
تۇرفاندا مىنىڭ جايىم.
ئاڭلا ئاڭلا، خالايىقلا،
گۇل قىسقان مىنىڭ يارىم.

تاغلاردا تولا كەكلىك،
مەن يارىم بىلەن گەپلىك،

خالیدا تیپشقاندا،
ئوبناب کۆلـگیلی ئەپلك.

مەن بارای میکن ئاندا،
یار کیلەمدیکن مۇندا.
یارغا یار کیرەك بولسا،
قول سیلب کیلەر مۇندا.

یار بلەن بارایمۇ مەن،
یولبدا قالایمۇ مەن،
کوڭۆل بەرمیگەن یارنك،
کوڭلینی ئالایمۇ مەن.

بۇ کوچا ـ ئۇزۇن کوچا،
چالما ئاتسام یەتمەیدۇ.
بۇ کوچینك قزلیری،
مینك یارمغا یەتمەیدۇ.

کۈندە کورمیدم یارنی،
کۈنیدە کورەرمەن دەب.
ئۈمید ئۈزمیدم یاردن،
ئولمیسەم سویەرمەن دەب.

مەن ماڭدم کیچە بلەن ـــ
ئیرقنك ئچی بلەن.

ئىككى قولۇم باغلاندى،
يارمنىڭ چىچى بىلەن.

ئانىسى يوقمىكن يارنىڭ،
ئانىسى يوقمىكن يارنىڭ،
ماكانى يوقمىكن يارنىڭ،
كىزب چوللەردە يانقۇنچە.

ئاتلارنى توقۇب قۇيدۇم،
شۇۋۇرغان يامان قاردا.
ئاغزيدا ديگەن بىلەن،
چن كوڭلى بولەك ياردا.

سىنىڭ يارڭ ئۇبدانمۇ؟
مىنىڭ يارم ئۇبدانمۇ؟
شامال چقسا پۇرايدۇ،
قولىدا ئانار بارمۇ؟

يارم بىلەن ئىككىلەن،
بر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشدا ۋەعدىمز شۇنداغ،
ھەرگىز ئايرلماس بولغان.

مەنىگە چۇشكەن بىلەن،
ھىچ نەلەر كورۇنمەيدۇ.

يارنڭ كوزيگه قاراب،
ئوتكەن كۆن بلنمەيدۇ.

ئيتمنى قويۇب ئەتلم،
ييگى چققان قيياقلارغا.
يار دەردى مۇنداغ بولسا،
چقب كيتەى ييراقلارغا.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇب كەتدى،
تۇرفان يوليغا قاراب.
كوزۇمنڭ گوهيرى كەتدى،
يارنڭ يوليغا قاراب.

مەن ئوزەم كچك چاغدا،
كالا باقيمەن تاغدا.
بۇلبۇل سايريغان چاغدا،
مەن يارم بلەن باغدا.

جۇگانما تيگەى دەيدۇ،
چوكانما تيگەى دەيدۇ،
ئانيسى يامان خوتۇن،
شاييدن چاپان دەيدۇ.

بۇ يولدا تولا ماڭدم،
بۇ يول مينڭ يولديشم.

هيرب، چارچاب كەلگەندە،
سۇ بەرگەن قيرنديشم.

سۇلار شاقيراب ئاقسا،
تۇگمەننڭ نورى دەيمەن.
يار ئۇچۇن ئولۇب كەتسەم،
ئوزەمنڭ شورى دەيمەن.

ئاتاڭ سايريديمۇ كەكلك،
ئاناڭ سايريديمۇ كەكلك.
قەپەزنڭ قەدريني بلمەي،
ئۇچۇب كەتكەن نادان كەكلك.

ئۇچۇب هاۋاغا چققاندا،
لاچن ئالسۇن سيني كەكلك.
ئەگب دەرياغا چۇشكەندە،
لەهەڭ يۇتسۇن سيني كەكلك.

كيچيلەردە مەن باردم،
تشتڭلارغا يالقۇردۇم،
عەجەب چقميديڭ يارم —
زەعفراندەك سارغايدم،

دەردنڭ تۇليسي كەتمدي،
مۇندن كيين تاتمايمەن.

بۇ ئالەمدە تاتقاننى،
ئاخىرەتتە تاتمايمەن.

ناخشا ئېيتىمەن باشتىن،
تىكشاپ تۇت قولاڭدا.
ئاخشاملىقتا مەن باراي،
ئويناتقىن بۇلاقتا.

سىرىق سەبدە تۇلۇن ئايدەك،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشپتۇ.
سىنىڭ ئوتى-فىراقىڭدا،
يۈرەككە ئوت تۇتاشپتۇ.

ئېلى خۇنىڭ يولىدا،
ئەينەك تاختا قولىدا.
مىڭ جان بەرسە ئەرزىمەس،
قەمبەر خانىڭ يولىدا.

ئالما ئاتتىم تىرەككە،
يېنىپ چۈشتى يۈرەككە.
بىر ئېيتىڭ قەمبەرخانغا،
مەلھەم سالغاي يۈرەككە.

بۇلبۇل قونمىغان دەرەخ،
سويما سالمىغان پىلەك.

ئون تۆرت ياشدا يار تونتۇپ،
يارغا تويمىغان يۈرەك.

ئاق قاشنى ئىگىز دەيدۇ،
ئاق بوز تاقچا يەتمەيدۇ،
ئەل قىزىنى ماختايدۇ،
قارا كۆزگە يەتمەيدۇ.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ،
شامچىراغلىرى باردۇر.
يۈرىگىمنى يىرىپ باق،
كۆيگەن داغلىرى باردۇر.

ئاسماندىكى ئۈچ يۇلتۇز،
كۈندىن-كۈنگە نۇرلايدۇ.
بىز بويلۇق بولۇپ قالدۇق،
بىزنى قاچان ئويلەيدۇ.

٥ ئاينى-ئايغا تاتايمۇ،
كۈننى-كۈنگە تاتايمۇ؟
يارىم دەردىگىدە سىنىك
پەنجىرەگىدە ياتايمۇ؟

ئاغرىپ ئىدىم ئۆلگىنى،
يارىم كەپتۇ كۆرگىلى.

قوپقينى دەرمانم يوق،
يارغا تازم قلغيلى.

ئۈيان ئۈتيدۇ بر گۈل،
بۇيان ئۈتيدۇ بر گۈل،
يارمنڭ ئاييغيدا،
سايراب ئۈتيدۇ بۇلبۇل.

يايلاقدا ئوتلاب يۈرگەن،
قارالا مينڭ قويۇم.
ئەندى بز كيتەر بولدۇق،
قۇچاغلاب سۆيۈب قويۇڭ.

ئشك ئالدى كوك تيرەك،
ئۇ تيرەكدە سۇ كيرەك.
ئيگز بويلۇق ييگتكە،
ئۇتتۇر بويلۇق قز كيرەك.

ئيلى ديگەن شەريكدە،
ئۈن تاسقايدۇ لەگزيدە.
ئانارخان ديگەن قزنڭ،
ميگى باردۇر مەگزيدە.

تيپتگلا مينى يارغا،
چيقگلا مينى يارغا،

ئۆزەمنىڭ گۇناھىدۇر،
ئاستۇرۇپ ئىتىڭ دارغا.

ئىچمەيمەن ھاراقىڭنى،
تۇتقانىڭغا ھەشقاللا.
عاشقسز يۇرەلمەيدۇ،
يىگىت ئوسمە ياش باللا.

ئاق لەيلى، قزل لەيلى،
يارنىڭ بارمىكن مەيلى.
بولسا، بولميسا مەيلى،
مەن يارنىڭ قەلەندەرى.

ئانارخان سىنىڭ بويۇڭ،
قاچان بولۇدۇ تويۇڭ؟
بولسا، بولميسا تويۇڭ،
قۇچاغلاپ سويۇپ قويۇڭ.

عاشق بوليمەن دەيدۇ،
جانغا كويسە بولمامدۇ.
ئادەم باليسى تولا،
قەدر باسە بولمامدۇ.

ۋشيگنى ئاچ يارم،
بويۇڭنى كورۇپ ئالاي.

قۇليغڭدن تۇتۇب ئيلب،
مەڭزيڭدن سويۇب ئالاى.

سۆزۈلدم هاۋادا قۇشتەك ــ
كرديم جانان ئۆزيغا،
بر خالتا ئالما بيرەى،
ئيتى ميهريبان قزغا.

ئوگۆزديكى قومۇشنى،
مەن دەسسەب ئوتەمەنمۇ.
كوڭلۈمديكى يار بلەن،
بر كيچە ياتامەنمۇ؟

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
شيكەر بەرسە سايرايدۇ،
دۇشمەن بزنى كورەلمەى،
كەينيمزدن مارايدۇ.

ئاه يارم تاڭلا كيلك،
تاڭ يورۇغاندا كيلك.
ئوزەم ئويماندا تۇرارمەن،
ئالميلق باققا كيلك.

ئيگز تاققا چقدم مەن،
بول تيپب چۈشەلميدم.

چرايىڭغا كويدۈم مەن،
ئاھىڭغا يىنەلمىدىم.

ئاسماندا ئۇچۇپ ئوتكەن
بر يالغۇز قارا قارغا،
بارساڭلا سالام دەگىلا،
بزنى سورىغان يارغا.

ئالتە شەدە بارمىكەن،
سەن يارمدەك ئاي چراي.
ئيلاندەك تولغۇنۇپ چقساڭ،
قانداغ سەندن ئايرىلاي.

ئالتۇن بلەن رەھنانى،
يارمغا تۇتاي دەيمەن،
مەن بولسام خيريدارى،
قەنت بلەن يۇتاي دەيمەن.

ئون ئككى ياشدا دەيدۇ،
ئوق ئيلانغا ئوخشايدۇ.
قول سيلب چقب كەلسە،
مىنىڭ يارمغا ئوخشايدۇ.

بيغىڭنىڭ ئچى سايە،
ئەترافى ئۈزۈڭ گۈلدۇر،

گۈل سايىسىدا ئولتۇرغان،
لەبلىرى قىزىل گۈلدۇر.

بۇ كوچا ئۇزۇن كوچا،
ئۆيلىگا سورەتمەگلا.
قىزى بىلەن ئوينايمەن،
ئانىسىغا ئېيتماگلا.

بېلىمنى باغلاپ تۇرۇپ،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ.
دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم،
مۇڭدا شقىلى مەن كەلدىم.

بېغىڭغا كىرىپ باقسام،
ئۈزۈمۈڭ ئەجەپ شاخلىق.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
قارا كۆز، تىلى تاتلىق.

بېغىڭدىكى تاللارنى،
خامان ھايدىسا لازىم،
ئوينايمەن دەپ ئېيتساڭچۇ،
مەن ساڭا قىلاي تازىم.

بېغىڭغا كىرىپ ئېلىپ،
ئۈزۈك ئېغىپتاي يارىم.

ئاخشامغا قوشۇب ئېلىب،
سېنى يىغلىتاي يارىم.

باققا كىرىب ئالما يەڭ،
باغنىڭ ئالمىسى بىزنىڭ.
سەن ماڭا كۆڭۈل بەرسەڭ،
جاندىن ئۆز گېيسى سىزنىڭ.

بىلىڭىزنى باغلايسىز،
تۈگمىڭىزنى ئەتمەيسىز.
بېشىمىزغا مۈڭ چۈشتى،
ھالىمىزغا يەتمەيسىز.

ئىشىگىڭگە چىقىب سەن،
سەن كوزۇڭنى ئوينۇتۇب.
سېنىڭ بىر خىيالىڭ بار،
مەن غېرىبنى يىغلىتىب.

قاتار-قاتار سۆگەتنىڭ،
سايىسى بولامدىكىن،
يارغا كۆيگەن يۈرەكنىڭ،
تازىسى بولامدىكىن.

ئۈچاڭدىكى پەشمەتنى
بىر يىللىق بولا دەمسەن،

كۆڭلىمدىكى يارىمسەن
ئايرىلسا، ئۆلەر دەمسەن.

ئىچمەككە هاراق ئاچچىق،
ئىچكەندىن كېيىن تاتلىق.
ئاغزىدا ناۋات بارمۇ،
سۆيمەككە چۇڭ تاتلىق.

تاقىغا چىقىدىم ئازادە،
بېنەپ چۈشدۈم پىيادە.
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزىل گۈلدىن زىيادە.

چەككۈم كەلسە تاماكا،
سىلاپ قويىمەن يانىنى.
مىنى دىسەڭ سەن يارىم،
سەدىقە قىلاي جانىنى.

ئورۇق ئاتقا تورۇق بار،
ئاق بوز ئاتقا قۇيرۇق بار.
سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىن،
قىيامەتتە سوراق بار.

سەهەردە سايرىغان بۇلبۇل
كۆڭلۈمنىڭ زىهنىنى ئاچتى.

ئېچلغان قزل گۇلنى،
يار قۇلاقيغا قسىى.

سايرا بۇلبۇلۇم، سايرا،
قزل گۇلنڭ شيخى سۇنسۇن.
يار ئايريليمەن دەيدۇ،
ئايريلب كوڭلى تنسۇن.

سەن مينڭ نيكارم سەن،
بويۇمديكى تۇمارم سەن.
قاراڭغۇ كيچيلەردە،
ياندۇرار چراقم سەن.

سۇ بولسا، سۇزۇك بولسا،
ئيرقدا ئيقب تۇرسا.
عاشق بلەن مەعشۇقلار،
يان خوشنا يېقن بولسا.

ساريخان قزل گۇلدەك،
بز ئشقيدا بۇلبۇلدەك.
ساريخان كۇلۇب قويسا،
خزميتيدە بز قۇلدەك.

ساريخان كچك باشلق،
ئاى يۇزلۇك قارا قاشلق.

ئشككه چقارمايدۇ،
ئاتا-ئانيسى باشلق.

پچاقنى سالاى ديسەم،
يارم قولۇمنى تۇتدى.
ئككى قيشينى ئيتب،
مينك كۆڭلۈمنى ئۇتدى.

جان ئچيده جانان قز،
جانغا ئوتنى يافقان قز.
قاشليرى قەلەم قاشدەك،
چاچليريدۇر سۇمبۇل قز.

چلان باغقا كرمەيمەن،
چلان باغدا ئيلان بار.
يار قشيغا بارمايمەن،
يارنك بولەك يارى بار.

هاۋانك مانانليرى،
ئلقينك غۇنانليرى.
شەرەت قلسام تۇبمايدۇ،
قەشقەرنك جۇگانليرى.

هاۋاديكى بوز تورغاى،
سايريميسا نه بولغاى.

كچيك‌كنه يارمنى،
قيينيميسا نه بولغاى.

ن هاۋا ـ هاۋادن ئاشدى،
بۇلۇت هاۋادن ئاشدى.
قزغا مه‌يلم بار ئيدى،
جۇگان قوينينى ئاچدى.

حه‌سسره‌تلك كوڭل ئچره،
بر ئاهيدا جان كه‌لدى.
قاشليرى قه‌له‌م قاشده‌ك،
چاچليرى كامال كه‌لدى.

هاۋاديكى بۇلۇتلا،
يارمغا سالام ده‌گلا.
مينى سوريسا يارم،
يۇرۇپتۇ ئامان ده‌گلا.

هاۋالا تۇمانلابتۇ،
ئلقيلار قۇلۇنلابتۇ.
ئالتۇن قارا كوز يارم،
نيميدن يامانلابتۇ.

دۇتار چيلب ئولتارسام،
يارم كه‌لدى يينمغا.

شىرن سوزىنى سوزلەب،
ئوتنى سالدى جىنمغا.

دۇتار چېلب بىرەى سزگە،
ئۇسسۇل ئويناب بىرەڭ بزگە،
خۇشخۇيلۇق بلەن ئويناڭ،
ئەل ھەيران قالسۇن سزگە.

داۋۇزاڭنىڭ بېشىدا،
قومۇش بلەن زاراڭزا.
كچىكنە يارم بار،
كچىكنە بالاڭزا.

دەريا ماندا غ ئاقارمۇ،
ئىقىب لېۋىدىن تاشارمۇ؟
يارم كىيگەن ئەرچى بەل،
مۇنداقمۇ يارىشارمۇ؟

قزل گۇل تۇۋىدە سن چاى،
ئچب خۇمارى بولدۇم مەن.
بر كىلب كىتەر يارغا،
يۇرۇب دىۋانە بولدۇم مەن.

قزل گۇلۇم، قزل گۇلۇم،
غەجەب ۋاخدا غازاڭ بولدۇڭ.

مىنى مەيخانىغا تاشلاپ،
ئۆزەڭ يولغا راۋان بولدۇڭ.

قۇرغۇيۇڭ بولاي بارم،
مەيدەڭگە قونای يارم،
ئوزگە ياريڭ بولميسا،
چن ياريڭ بولاي يارم.

قيشڭ ئەسلا قارادۇر،
هوسما قويغۇنڭ يالغان.
مەن كويسەم ساڭا كويدۇم،
سينڭ كويگينڭ يالغان.

قيشڭنڭ قاراسيغا،
خال بولاى ئاراسيغا.
سەن يارمنى ئوخشيتاى،
قزل گۇل غونچيسيغا

قوراڭدن موزاى چقدى،
تەڭدن توليسى قاشقا.
هيتۋاقى كويۇپ قابنۇ،
ئازنيخان قەلەم قاشقا.

قيشڭنڭ قاراسينى،
قارا خەتكە ئوخشيتاى.

تاگلا ئاخشام كەلمیسەڭ،
بویۇگنی كمگە ئوخشۇتای.

قیشیگز قارا ئیكەن،
هویلیگز سارای ئیكەن.
مەن ئاخشام بارای دیسەم،
دۈشمەنلەر مارایدیكەن.

قیشیگز قارا ئیكەن،
كوزیگزگە كویدۈم مەن.
تلیگز تاتلق ئیكەن،
لیۋیگزگە سویدۈم مەن.

قزغا عاشق بولمیسا،
یارنڭ قەدرینی بلمەس.
قزلا كوچیدا تولا،
سینگدەك عاشقنی بلمەس.

كەچ كردی، زوۋال بولدی،
یارمغا ئۇۋال بولدی.
جالانی یوغان سیلب،
لاچندەك جۇگان بولدی.

كیچەما ـ كیچە بولسا،
كۈلدۈزما كیچە بولسا

يار بلەن تېپىشقاندا،
تالڭ ئاتماس كېچە بولسا.

كاككۇكلا كېلىپ قابتۇ،
بىرى تاغدا، بىرى باغدا.
بىزنىڭ قارا كوز قايدا،
كۆڭلى خالىغان جايدا.

كېچە ئۇيقۇدا يانسام،
ئات سالدۇرۇپ سەن ئوتتۇڭ.
ئۇن چقارماي يولۇڭدا،
يۈرەككە ئوت يېقىپ ئوتتۇڭ.

كەتسەڭ كېتىۋە يارىم،
سەندىن يوقتۇ پەرۋايىم.
بۇ بىشىم ئامان بولسا،
ھەر يەردە مېنىڭ جانىم.

كوڭۇل بەرمىسە يارغا،
ئوق تەگمەس ئىدى جانغا.
كوڭۇلنى قويۇپ بەرسەم،
يۈرەك توليدۇ قانغا.

كېتىپ بارىسەن يارىم،
قاچان كېلىسەن يارىم.

سىنىڭ كەلمىگىڭ مۈشكۈل،
مەن بىرىپ كورەي يارىم.

كېچە بولسا ياتمايمەن،
پەنجىرەگەدىن پاتمايمەن.
راس گىپىڭنى ئېيت يارىم،
مەن دەردىڭنى تاتمايمەن.

كەت دىسەڭمۇ كېتىمەن،
كەتمە دىسەڭمۇ كېتىمەن.
ئارىدا ئىككى قۇنۇپ،
يارىم قىشىغا يېتىمەن.

گۈلنى قاتار ئۈنەيلى،
بىزنى ھېچ كىم تۇيمىسۇن.
كىمنىڭ مەيلى كىمدە بار،
قويۇپ بېرىڭ ئۈنىسۇن.

كېتىپ بارغان ئايلىمىڭ،
چېچى تۇلاققا ئوخشايدۇ.
ئىشارەتنى بىلمەيدۇ،
ياغاچ قۇلاققا ئوخشايدۇ.

كورۈنگەن قارا تاغدا،
ئات قارنىدا ياغدى قار.

ئايريلب كيتەی ديسەم،
كچكلكدە تۇتقان يار.

مەن كردم باققاللققا،
مەيدەمنى ياققانلققا.
يارم ئەگە تيگبتۇ،
قاپقارا ساقاللققا.

مەن ئەندى بارا مەنمۇ،
ئشكدە تۇرا مەنمۇ.
چقماس يارمنى ساقلاب،
سوۋۇققا توڭامەنمۇ؟

مينىڭ يارم چللايدۇ،
بارسام ئەگەر تللايدۇ.
باغنىڭ ئچيگە كرب،
ماڭا بيقب يغلايدۇ.

مەن كمنى دەب ئولتادم؟
مەن يارنى دەب ئولتادم.
ئوقەتنى خييال قلماي،
ئاقامچە زوڭ ئولتادم.

مينىڭ دەرديمنى سەن تاتقان،
سينىڭ دەرديڭنى مەن تاتقان.

کیچیلیری تال چیۋیقدەك،
بیلىڭغا چرمیشىب یاتقان.

مەن سیرىق جینىم سیرىق،
سارغاىيغىنىمنى كىم بىلۇر.
سارغىيىپ ئىشكىدە تۇرسام،
مەھرىبان يارىم كىلۇر.

مەن بۇگۈن نيمە بولدۇم،
غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
عاشىقى بىقارار بولدۇم.

يارنىڭ ئىشىگى تاللىق،
شاخ-شىخىدا ماجانلىق.
سىنى سۆيگەن عاشقلا،
ھەر كوچىدا ھەيرانلىق.

يار بولسا يارىشقىدەك،
دۈشمەنلە قاراشقىدەك.
ئوزى ئۈيىقىدا تۇرۇپ،
ئۈيغۈنۈپ كوز ئاچقىدەك.

يار دەردى يامان ئىكەن،
مەن ئاۋارە بولمايمەن.

بارای دیسەم یول ییراق،
ۋاختیدا کورەلمەیمەن.

یوقۇریدن چۇشۇب کەلدم،
قارا قاغیدەك ئویناب.
یار بلەن یاتامەنمۇ،
بۇلبۇلدەك چەمەن سایراب.

یوقۇریدن چۇشۇب کەلدم،
قۇرۇق سای یولی بلەن.
ئوینیساڭ ئوزەڭ ئوینا،
هەر ئشنڭ یولی بلەن.

یۇقۇریدن چۇشۇب کەلسەم،
ئککی بورینڭ ئزی.
کوڭلۇمنی ئیلب کەتدی،
هیتەك ئاکامنڭ قزی.

یارم بارمیغان تویغا،
مەن یالغۇز بارالمایمەن.
یارنڭ کوڭلی بەك نازۇك،
چای قویۇب ئالالمایمەن.

یارنڭ بیغیدا بر گۇل،
ماڭا قاریلای دەیدۇ.

مەن يارغا نيمه قلدم،
مەندن ئايريلاى دەيدۇ.

يارم بەرگەن ئۈچ ئالما،
ئۈچى ئۈچ بولەك ئيكەن.
مەقسەدكە يەتكۈزمەيدۇ،
عەجەب كاژ پيلەك ئيكەن.

يارمغا ساراى سيلب،
گۈل بلەن مۇنار قلسام.
يار ئچيدە بولمامدۇ،
هەر قانچە گۇناه قلسام.

يارم كيليدۇ قاراب،
سۇنبۇل چيچينى تاراب.
مەن يارغا نيمه قلدم،
يامان كوزيدە قاراب.

يار بولسا تۇزۇك بولسا،
قوليدا ئۇزۇك بولسا.
هەم مەگزى قزل بولسا،
هەم بەختى سۇزۇك بولسا.

يارنڭ بيغى بار ئيكەن،
بيغيدا ئانار بار ئيكەن.

يالغۇز دەب كوڭل بەرسەم،
بولەك يارى بار ئيكەن.

يار ئىشىگىدن كەتمەى،
ئاە ئۇرۇب قاراب قالدم.
يارم كەتدى يىنمدن،
قانلا ئاقدى كوزمدن.

يار ئىشىگىدە تۇرسا،
قزل گۇلى بوينىدا.
ئولسەم ئارمينم يوقتۇر،
بردەم ياتسام قوينىدا.

چىرايم زەعفران بولدى،
كشى سوريمايدۇ حالمنى.
ئارامزدا حەقيقەت يوق،
كورۇشتۇرمەيدۇ يارمنى.

عاشق ئەتسەڭ مينى ئەتكن،
بر كۇن كيرەك بولارمەن.
دۇشمەنليرڭ ئالديدا،
تاشدن يۇرەكلك بولارمەن.

ئاە يارم چداڭ ئامان،
قاراڭغۇ ئايدن يامان.

عشقى ئوتى ماڭا چۈشدى،
دوزاخ ئوتيدىن يامان.

مەن بيشمنى تاشقا ئۇرسام،
تاش بيشمنى يارغيدەك.
يارمنڭ ياغليغيدا تاڭسام،
مينڭ بيشم سافايغيدەك.

تاڭقا چقدم، تال ئۈچۈن،
قۇرغۇى بالاسى بار ئۈچۈن.
ئالتى ئاى ئوتيدا كويدۇم،
ئەسقاتماس ئۇ يار ئۈچۈن.

لەيلى خان دەيمۇ سينى،
سارا خان دەيمۇ سينى.
باغدا باققان پاخلاندەك،
ئولتۇرۇب يەيمۇ سينى؟

ياغليغمنى كوك بوياتدم،
بەل بيغمنى هاۋارەڭ.
بزنڭ باغدا غورا پشدى،
كۈندە كيلب غورا يەڭ.

يارسز عومرۇم مينڭ ـــ
مڭ ياشيسام بر كۈنچە يوق

ئشق ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

دىلبىرىم ئايدەك يۈزىگە،
زەيتۇنە خالىڭ بولاي.
كېچە يېنىڭدا يېتىپ،
كۈندۈز خىرىدارىڭ بولاي.

ئاتلىنىپ سەھراغا چىقساڭ،
قامچا دەستىڭ مەن بولاي،
بارچە ئەلنىڭ كوزى سەندە،
تىل تۇمارىڭ مەن بولاي.

لەيلى — مەجنۇن شاخ ئىگىلدى،
يار ئىگىلمەيدۇ ماڭا.
يا كېلىپ ئالغىل بۇ جاننى،
يا كوڭۇل بەرگىن ماڭا.

ئىشك ئاچىدىم، تورگە باقتىم،
توردە بىر ئاي ئولتۇرۇر.
قاشلىرى قىرغان نەلەمدەك،
كوزلىرى ئويناب تۇرۇر.

قاشقاراسى بولمىسا،
قاشقا دېگەن قانچە يىراق.

عەقلى-ھوشى بولمىسا،
ئايدەك جۇگان ئىشتقا يالاۋ

كېتىيسەن بر-بر بىسب،
دەرياسۇيىدەك ئايرىلىپ.
مۇنچىما كوڭلۈك قاتامدۇ،
باقمىدىڭ بر قايرىلىپ.

بر كىتاب، ئىككى كىتاب،
يار قويىنىدا ئالتۇن كىتاب.
عالەمگىدە بارمىكەن،
مىنىڭ يارمدەك ئافتاب.

تاغدىكى بەرگى قىياقدەك،
كوزلىرگىدىن ئور گيلەي.
ئەلمۇرۇب تۇرغان كېيىكدەك
كوزلىرگىدىن ئور گيلەي.

سەن قايافدىن كېلىيسەن،
چرايلىغم كوزى خۇمار.
ساڭا تىلم تەگمىسۇن،
بوينىڭغا ئاسقىن تىل تۇمار.

ئاق ئايدىك كېچيلەر،
ئاپپاق ئايدىك كېچيلەر،

گۈل بلەن ريهان پۈرايدۇ،
يارم ماڭغان كوچيلار.

بۇ گۈن ئالتە، تاڭلا يەتتە،
ميهريبان يار كەتكيلى.
بافقا كرسەم ئزى بار —
تالاغا چقسام شاميلى.

باغرينى سەير ئيتب،
ئاغامچى سالدم داريغا.
تەلييمنڭ يوقيدن،
يالغانچى بولدۇم ياريغا.

مەن كيتەر بولدۇم يارم، —
ئەرزم بايان ئەيلەب كيتەى.
ميهريبانم قالدى دەب،
چوللەردە قان يغلاب كيتەى.

قاشنى قاشقا ئۈليسا،
ييتەمدۇ قاشنڭ بويغا.
خۇدايم سيلب قويۇپتۇ،
قارا قاشنڭ كوييغا.

مەن بيرب قاچان كورەرمەن،
ئامريغمنڭ ئۈزينى.

یاغلیغمغا توٗگوٗپ ئالاتدم،
سایدا باسقان ئزینی.
گوٗل تیریدم مایسه بولدی،
شاخ چقاردی رەڭمو-رەڭ.
هەر کشینڭ یاری بولسا،
بوٗغدای ئوگلوٗك سەبزیرەڭ.

ئاینی ئاسماندا دیسەم،
تار کوچیدا ئای بار ئیکەن.
یارنی مەن چاقان دیسەم،
یاردن چاققان بار ئیکەن.

ئاناسز قالغان ئادەم مەن،
ئاناسز قالغان ئادەم مەن.
کشینڭ یارینی یار دەپ،
یارسز قالغان ئادەم مەن.

قاپقارادوٗر قیشیڭز،
ئون بەشدە باردوٗر یێشیڭز.
کیچیلەپ یول ماڭسیڭز،
مەن بولای یولدیشیڭز.

سەن ترك دەمسەن مینی،
مەنغوٗ ترك ئولگەندیمەن.

ترك ئايرلغان يارمنك،
ئوتيدا كويگەنديمەن.

باققا كرسەم باقيدۇ،
بۇلبۇل قاناتن قاقيدۇ.
يغليما بوتا كوزۇم،
سينى خۇدايىم باقيدۇ.

ئالما دەب سۇندۇم قولمنى،
تال ئيكەنني بلميدم.
چيچيغا چاچ باغ سيلبدۇ،
تاز ئيكەنني بلميدم.

ئانداغ ئەتمەگلار مينى،
مانداغ ئەتمەگلار مينى،
عاقيبەت لازم بولارمز،
تاشلاۋەتمەگلار مينى.

ئاليلق باغ ئچيدە،
سارغييبدۇ يوپۇرماق.
ئوك يينمدا ئوت كويەدۇ،
سول يينمدا ئشتيياق.

كەندى دەب كوڭلكنى بۇزمە
كەتميسەم ئالەش ماڭا.

ئالتى تال قارا چيچگىن،
ئوزگيسى دۇشمەن ماڭا.

كورميدىم باسىدىم تيكەننى،
ناتيدۇرمەن دەردينى،
كورسەم ئيدىم، باسماس ئيدىم ــ
تاتماس ئيدىم دەردينى.

هاۋادا غاز كيليدۇ،
ئيگىز ئۇچۇپ پەس كيليدۇ،
ئچيدە ئوتى بار جۇگان،
هاراق ئچىپ مەس كيليدۇ.

باققا كىردىم كيچيلەپ،
مەن يارمنى ييتيلەپ.
كچيككينە مينىڭ يارىم
ئون بەش ياشلىق سيكيلەك.

تاققا چىقىم تال ئۇچۇن،
قۇرغۇي بالاسى بار ئۇچۇن.
يۇرۇپ ديۋانە بولدۇم مەن،
ميهريبان سەن يار ئۇچۇن.

كەتتى يار كوڭلى قارا،
كيتەمسە يارىم ديميدى.

چنیگه چایگی قۇیۇب،
ئچەمسه یارم دیمیدی.

کیچیسی ئایغا قاراب،
شادلینۇر کوڭلم مینك.
غەم ئچیدە یار کیلب،
ئالسۇن کوڭلۇمنی مینك.

هاۋانی تۇمان باسدی،
ئاینی کورگیلی بولماس.
کوڭلمگه گۇمان چۇشدی،
یانی سویگیلی بولماس.

گۇلمیدی ئیچلغینی،
غۇنچەمیدی قایرلغینی.
ۋەعدیمز شۇنداقمیدی،
عاشق بولۇب ئایرلغینی.

کیچە بولسا یاتمایدۇ،
تیرەك ئۇچیدا قاغا.
سەن نمۇنچە یغلایسەن،
ۋاپا قلمیغان یارغا.

ئیگز تاقتا تاش ئانتۇق،
چرایلقتا قاش ئانتۇق.

چرایلق ئؤخلاب قالسا،
دؤتا چیلب ئویغاتنؤق.

تام ئؤستیگه تام سالدؤق،
قلؤیسینی کەلتؤرؤب.
سەن نیمؤنچه یغلایسەن،
نومؤسمنی کەلتؤرؤب.

باغم بارؤ باغم با،
زیغرلقدا زاغؤن با.
کمنك قزی ئای بولسا،
شؤنی بیرب ئاغؤم با.

قوغؤن تیریدم خللاب،
چونەك ئچیدە یغلاب.
چوکان ئالیمەن خللاب،
جؤگان قالیدؤ یغلاب.

تام پؤتەمدؤ لای بلەن،
سؤ ئاقامدؤ سای بلەن.
عومرؤم شؤلداغ ئوتەمدؤ،
کوکٔلی قارا یار بلەن.

روماللمنی یؤدؤردؤم،
باققا، تالغا یایدؤردؤم.

ئاران تۇتقان يارمنى،
قاراقچيغا ئالدۇردۇم.

كەنمەكنى خيال ئەيلەپ،
باغلار ئارا يول سالدۇق
يار بلەن تولا ئوينان،
يۈرەكلەرگە داغ سالدۇق

ئيتم بولسا هبللادن،
جابدۇقليرى تاللادن.
خۇدايمدن تلەيمەن،
مەڭزى قزل قزلاردن.

گۇللەر تيچلب قاپتۇ،
بيرب كوريلى تاغنى.
ساريخان ئوزى بويلق،
شەرەت قليدۇ باغنى.

ئات ئالساڭلار تاي ئالماڭلا يولغا يۈرمەيدۇ،
چيچى ئۇزۇن قاۋۇل جوگان قولغا كرمەيدۇ.

ئاللا يارم كەڭ يايلاقدا ئوزەڭ يايلامسەن،
سيمز قوينڭ قوزيسيدەك سەكرەپ ئوينامسەن.

ئۇ مەليدن بۇ مەليگە ئويناي دەپ كەلدم،
ياخشى دەمسز، يامان دەمسز سناي دەپ كەلدم.

ئۇ مەليدن بۇ مەليگە يولى بارميكن،
يار ئاغريغى بولۇب قالدم دورى بارميكن.

يار ئاغريغى بولغانلارنڭ دوريسى مەندە،
ئەتە قوپۇب تاڭ سەھەردە يارنى سويگەندە.

ئوى ئويلايسەن، ئوى ئويلايسەن ئويچيميديڭ سەن،
يان باغريدا ييتب ئاپسەن قويچيميديڭ سەن.

قويچى بولساڭ قويليرڭنى بلله باقايلى،
كونا يارنڭ يۈرەكيگە ئوتلار ياقايلى.

سينى ديدم، سينى ديدم كەچلم بۇ جاندن،
يۈرەك، باغرم پارە-پارە، كوز ييشم قاندن.

سەن برنى دەب، مەن برنى دەب قالدم بالاغا،
ئەسلى رەحمڭ كەلمەيدۇ كوزى قاراغا.

شۇندن-شۇنغا كەلگينم سەن يار ئۈچۈندۇر،
جەۋرى-جافا چەكميشم ديدار ئۈچۈندۇر.

جم ياتماسدن سايرايدۇ بۇلبۇل،
سايريغيني بۇلبۇلنڭ گۈلزار ئۈچۈندۇر.

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ مينڭ يارمنى،
ئيگز داۋان ئاشدى دەيدۇ بويى تارمنى.

ئيگز داۋان ئاشميغۇنچە چوللەر كورۇنمەس،
قارا يورغا منمەگۇنچە چوللەر كيزلمەس.

قارچيغينىڭ باليسى بار ئالتۇن ئۇگيدا،
ئەندى بارسام تونيمايدۇ ئەسكى جۇگيدا.

ئەندى مينى كەتدى دەب چەكمە قيشگنى،
غورالداينىڭ باليسيدەك توكمە ييشگنى.

باراى ديسەم بارما دەيدۇ مەيام ئوزەمنىڭ،
سەكسەن قامچا ييگەن بلەن يارم ئوزەمنىڭ.

بۇگۇن ميكن ئەتى ميكن يارم كەتكيدەك،
ئالتاى ياز ئەگەشكينم زايا كەتكيدەك.

تال چيۋيقدەك بويليرگغا زوقۇم كيليدۇ،
ئەتە-ئاخشام باراى ديسەم قوقۇم كيليدۇ.

ئيگز-ئيگز دوگليرگدە چراق كويۇدۇ،
چراق ئەمەس يارنىڭ ئوتى- يۇرەك كويۇدۇ.

يغليماڭ قز، يغليماڭ تاگلا كيلۇرمز،
بر قوتيدا ئۇنچە-ماجان ئيلب كيلۇرمز.

بر قۇتيدا ئۇنچە-ماجان ئوزەگدە تۇرسۇن،
ئككى قاراب، بر سۇيگۇنۇم كوگلگدە تۇرسۇن.

ئيگز تاققا چقماڭ يارم ئۈچۈپ ئولەرسز،
چرايلققا بەرمەڭ كوڭۈل كويۈپ ئولەرسز.

ئانالقلا، ئانالقلا دەستى-دەستى گۈل،
ئاناسزلار، ئاناسزلا كويۈپ ئوچگەن كۈل.

ئانام سوريسا، ئانام سوريسا زينداندا دەڭلا،
بر كوزى ياش، بر كوزى قان يغلايدۇ دەڭلا.

قاريسام كورۈنمەيدۇ ئيلينك تيغى،
مۈنداغ يامان بولامۇ كويۈكنك ديغى.

يامان يولۋاس يولدا ياتسا شرغا يول بەرمەس،
ئاتاسيدن قاغش ئالغان ئلگيرى كەلمەس.

ئرغايلقدن ئالغان تاياق قامچيڭز بولسۇن،
ئوزۈن يولغا ئاتلانغاندا يوليڭز بولسۇن.

# تۇرلۇك ناخشا-بېيتلار

## مللى نەغمە

مللى نەغمە سازيمز،
كوكۈل ئاچار بيغيمز،
كەندى بزدن قارا كۈن،
ئەندى ئوينار چيغيمز.

ئويناب، كۈلۈب باريمز،
قولغا قۇرال ئاليميز.
قارشى چققان دۇشمەننك
ئبتب جينينى ئاليمز.

## كاككۇك

سەھەردە قچقرب كەلسە،
كوڭۇلنى ئويغىتار كاككۇك.
كېلەر پەسلى باھارىدا،
عەجايب خوش نىمە كاككۇك.

غىرب ئاۋازلىرى بلەن،
قچقرب كەلسە بۇ يەرگە.
يىتمگە جلديلەر سالب،
داد-فەرياد ئەيلىگەن كاككۇك.

غىرب ئاۋازىنى ئاڭلاب،
بۇگۇن كوڭلۇم فۇغان چەكدى.
مۇسافر ئەھلى دەردمەننىڭ،
يۇرتىنى ئەسكە سالغان كاككۇك.

ئەگەر قچقرسىلەر يازدا،
دەرەخنىڭ ئۇستىدە تۇرۇب.
ئۇنىڭ ئاۋازىدۇر ھەيۋەت،
جىنىگنى تەۋيتۇر كاككۇك.

ئەگەر ئۇنى يىتب كەلسە،
يىتملەرنىڭ قۇلاقىغا.

هەيهات دەب يغليتار دائيم،
هيميشە، يغليغان كاككۇك.

ئەگەردە ئاڭلاپ ئاۋازينى،
مۇسافر ئەهلى دەردمەنلەر.
جيگەر فەرياد فۇغان بولدۇم،
تۇرالماي يغليتار كاككۇك.

## زالم قازيلار

ھۇشۇر باقى، مەخپر قازى، نۇرى ساغلق،
پۇخرالارنڭ يۇرەك باغرن قلدى داغلق.
قازى بولغان بەچچيغەرلەر مۇنداغ بولسا،
ئاخيرەتدە راھەت كورەر يېرى چاغلق.

ۋادەريخا بۇلاردن كوپ ئەلەم يەتدى،
عازابيدن يۇرەكلەرگە دەزلەر كەتدى،
بۇ فانيدا مەنسەب ديگەن شۇ قاتارلق،
ئاخيريدا بۇلارنيمۇ تاشلاب كەتدى.

## ئامبال زۇلمىغا

ئامبالىغا ئامبال شاھىدا ئامبال،
يۇرتىنى سوراب يەيدۇ يامۇلدىكى ئامبال.

ئامبالنىڭ قزى، دايىنىڭ قزى،
چوقۇر دىمەگلا تاياقنىڭ ئزى.

ئامبال ئالدىدا دايى كەينىدە،
مەن قانداغ قلاي زۇلۇم دەستىدە.

ئامبالى ئاق ئاتلق، دايىسى كوك ئاتلق،
كۇندىلا يغلايدۇ گۇناھسز «تاتلق».

ئامبالىغا ئاق چاي، دايىسىغا كوك چاي،
گۇندىغا سالغاننىڭ كىپپىنىنى پچاي.

## تاش ئاخۇنۇم شەنيگە

تاش ئاخۇنۇم تاش ئيكەن،
ئالغان خوتۇنى ياش ئيكەن.
ئۇششاق خامغا گۇل بيسب،
ئامبال بلەن باش ئيكەن.

تاش ئاخۇنۇم جازانە،
بر يل ئالدى بازانى.
ئۇششاق خامغا گۇل بيسب،
تاشلاۋەتدى مازانى.

سازغا چۇشكەن ئودەكنى،
نادان باللا غاز دەيدۇ.
ئاتمش ئالتە نمكانى،
تاش ئاخۇنۇم ئاز دەيدۇ.

ئاسماندىكى ئاينى كورۇڭ،
تاش ئاخۇنۇم باينى كورۇڭ.
ئشلەب هارغان مەدىكاغا،
سەلەب بەرگەن ناننى كورۇڭ.

## مەدىكارلار ناخشىسى

ئېلى بولى خاك يولى،
روماليدا ئاى گۈلى.
ئيليدا تاپقان پۇللا،
قماۋازنىڭ چاي پۇلى.
قەشقەلقنىڭ باللىرى،
تەگدىن توليسى خاكدا.
قەشقەغە كيتەى ديسە،
بردن چاپىنى داكدا.

زوغاندن چۇشۇب باقسام،
سوغينى چاپقانغا ئوخشايمەن.
بيريشى ئەللىك تيين،
جاننى سانقانغا ئوخشايمەن.

# ئاق دادام

ئاق دادام، ئاپپاق دادام،
قەشقەغە بارغم كيليدۇ.

ئاق ساراينڭ ئالديدا،
تاماكا تانقم كيليدۇ.

ئاق ساراينڭ قزليرى،
لاچنميكن، قۇرغۇيميكن،

قوليدا ئالتۇن ئۇزۇك،
عاشقليرى زەرگارميكن.

## ئوما ئاخشىلىرى

ئومىنى تولا ئورۇب،
قولۇم بولدى سەينوگە.
بر بەل-گۈ قلب قويۇك،
ئويىگزنك كەينىگە.

ئومىگزنى ئودۇم مەن،
ئونچىگزنى سايلىماى.
يىنگزدا يار ئۇتدۇم،
ئوتىگزغا يايلىماى.

ئايدىگدا ئوغان ئوما،
ئونچە بلەن باغ قالدى.
ئاز كۈن ئويناب ئايرلدۇق،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.

ئومىنى ئورغان بلەن،
بار ئيكەن بلەك تالماق.
ئوغىدن قممەت چۈشدى،
يارنك كوكلىنى ئالماق.

مەن بۇگۈن نيمە بولدۇم،
خييال قلدم ئاخشامغا.

باغ ـ باغلیغان جۇگانلا،
زوق ئەيلیسۇن ناخشامغا.

ئومیگزنی ئودۇم مەن،
ختای سوققان ئوغاقدا،
یارم چوك بولۇب قاپتۇ،
ئالدی چیچی بەلۋاقدا.

ئومینی تولا ئورۇب،
بلیگك تالدیمۇ یارم.
ئاز كۈن ئویناب ئایرلدۇق،
یۈریگك قاندیمۇ یارم.

بوكیگز سەكـكز تالا،
توتی ئالا، توتی قارا.
ئالته ئای ئوتۇگدا كویدۇم،
بلمیدك كوگلی قارا.

## سەلى* قز قوشۇغى

هاۋادا پارچە بۇلۇت،
يامغۇر يىغىپ ئوتكەنمۇ؟
ئىككى عاشق بر بولۇب،
مەقسىدىگە يەتكەنمۇ.

بر كىلەى دەب ۋەعدە قلدى،
كوز بوغۇلدى، ئۇيقا كەلمىدى.
تەلمۇرۇپ يولىدا تۇرسام
شۇ رەحمسز كەلمىدى.

كويۇمەن ۋاى كويۇمەن،
قىشى قاراغا كويىمەن.
ئاغزىغا سويۇپ قويۇپ،
كوزلىرىگە كويۇمەن.

## بييت ـ ناخشيلار

I

ئاق سارايدن چقدی يارم،
چن ئوگانی پۇر كۆلۆب،
قوليدا زەيتونه ياغلق،
تال چۆيقدەك تولغۆنۆب.

تال ئۆچی تالغا تيگەمدۇ،
تال ئۆچی تالغا يېراق.
مەيليمز سزگه چۆشۆپتۆ،
ئوييگز ئاندن يېراق.

ئوی يېراقی بولسا، بولسۇن،
كوڭۆل يېراقی بولميسۇن.
ئككيمزنڭ ئالديدا،
ۋەعدە يالغان بولميسۇن.

چاچليری بەلگه چۆشۆبتۆ،
بەلليری بر قلچه يوق.
مينڭ مەيلم سزگه چۆشۆبتۆ،
ئوزگيسی بر پۆلچه يوق.

II

ئاقچينا كوينەك كييبسز،
ئاق تيكەنلەر ئلميسۇن.

کوککینه کوینەك کیيبسز،
کوك تیکەنلەر ئیلمیسۇن.
ئککیمز عاشق بولایلی،
ئویدیکیلەر تۇیمیسۇن.
ئویدیکیلەر تۇیسا، تۇیسۇن،
ۋەعدە یالغان بولمیسۇن،
ۋەعدیسیدە تۇرمیغان،
هەرگز ئنسان بولمیسۇن.

III

باغدیکی زیبا تیرەکدەك،
بوینیڭزنڭ تۇزلیگی.
شاپ ئوزۇمنڭ سۇییدەك،
ئاغزیڭزنڭ تاتلیغی.

IV

چشیڭزنڭ ئاقلیغی،
غۇنچە تۇرادۇر.
ليۋیڭزنڭ تاتلیغی،
تلنی یارادۇر.
قیشیڭز قازی بولۇب،
یۇرتنی سورایدۇر،
کوزیڭز ئویناب تۇرۇب،
جاننی ئالادۇر.

هەر كۈنى سىزنى يانا
كور گۈم كيلەدۇر،
قۇچيغىمغا ئيليبان،
سويگۈم كيلەدۇر.

V

ئونيڭز نەگدى جينمغا،
ئۇستۇخانمنى شۇلۇپ،
ئەلگە تۇيغۇزماي يۈرەتدم —
گاهى يغلاب، گاهى كۈاۋب.
قاپقارا بوستان ئچيدە،
ئاق قۇش بواۋب «هۇهۇ» ديديما،
ئونيڭزغا چدالماي،
ئوپكەم قۇرۇب «سۇ» ديديما.

VI

تال ئچيدن تاللاب ئالدم،
تالى چوكانم سينى.
گۈل ئچيدن گۈل دەب ئالدم،
گۈلى سەبدەرم سينى.
خۇدايمغا ناله قلب،
تلەب ئالدم مەن سينى.

VII

قاقرام سەككز مينك،
تونى ئالا، نوتى قارا.

ئالتی ئای ئوتۇكدا كویسەم،
بلمیگەن كوڭلی قارا.

قزل قیان ئچمدە،
قیلدم سزگە،
قزل گۇلنڭ غۇنچیسیدەك،
ئیگلدم سزگە.
خاهی بلڭ، خاهی بلمەڭ،
خۇشتارمەن سزگە.
خۇشتارلقدا ئولۇب كەتسەم،
ئۇگالم سزگە.
سەن مینی یاراتمیساڭ،
دۇنیادا گوناهسز ئوتەی،
كویگینمنی بلمیسەڭ،
ییرب یۇرەكنی كورسیتەی.

VIII

بەگلەر كیلب چۇشۇبتۇ ئویمان بۇلاقغا،
ئاتلیرینی قویۇپتۇ كوپە قیياقغا.
كشی ئۇچۇن كشی ئولەمدۇ ئوتی-فراقغا،
سزنڭ ئۇچۇن ئولۇب كورەی خەنجەر-پچاقغا

IX

ییشل-ییشل یوپۇرمیغم یاشاردی كەتدی،
ییشل تونلۇق یارم مینڭ قەشقەرغە كەتدی.

کیلەمدیکەن، کەلمەمدیکەن قەرەلی بەندی،
شۇ كۆلدیکی غیربچیلق جینمدن ئوندی.

خەت بلەن خالتا ئەۋەتلم،
مهریبان یارم ساڭا،
ئوقۇتۇپ ئلکگگە ئالغل،
مەعلۇم بولۇر حالم ساڭا.

X

چنە-چنە سۇ ئچەر مەن،
پاە یۇرۇگۈم کویدی دەپ.
بۇ بییتنی سزگە ئییتلم،
هەمیدن چیچەنغۇ دەپ.

XI

ئیلیدن چققان ییگتنك،
تونی بار، تۇگمیسی یوق.
بیشیغا گۇل قسبتۇ،
گۇلی بار غۇنچیسی یوق.
گۇلنی ئالدم كۆپکە سالدم،
کۆپدە هاراق بار ئیدەن،
ئوك قولۇمغا هاراق ئالدم
سول قولمغا شام چراق، —
شام چراقدا کویگیچە،
مەشرەبدە کویگەن یاخشیراق.

## XII

تام توپىسىدە ئولتۇرادۇر،
شوقچە بويلۇق شۇل يىگىت،
ئالما بەرسەم ئۇنىمايدۇ،
بابىيا ئالتۇن يىگىت،
بابىيا ئالتۇن يىگىتنىڭ ـــ
سۇرىتى سولتانچە بار،
ئاي يۈزىگە خال چۈشۈپتۇ،
يېڭى چىقان گۈلچە بار.

## تۇرلۇك قوشاقلار

مەن ئاتامدىن ئايرىلب،
سۇندى قاناتىم قايرىلب.
مەن يغلىماي كم يغلىسۇن.
جىنم ئاتامدىن ئايرىلب.

ئاق بىلق-ئاپپاق بىلق،
ئاقتابدا ياتقىنىڭ قىنى.
مىنى يامان دەب بىرب،
ياخشىنى تابقىنىڭ قىنى.

كمى ئولمەسدن بۇرۇن،
بلمەس بۇ جاننىڭ قەدرينى.
كم ئولەر حالەتىكە يەتسە،
شول بلۇر جان قەدرينى.

مەن ئولۇمەن-مەن ئولۇمەن،
يولداقويماڭلا مىنى.
يولدا قويساڭلا قويۇڭلا،
چولدە قويماڭلا مىنى.

مەن ئولۇب تۇفراقدا ياتسام،
كم مىنى ياد ئەيلىسۇن.

دوسلىرم غەمكىن بولۇپ،
دۈشمەنلىرم شاد ئەيلىسۇن.

تاغمۇ ـ تاغلاردىن ئىگز،
ئاخر بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
توپىسىگە قار يىغىپتۇ،
ئاسىنىدا باغلىرى.

ئاتام باققان، ئانام باققان،
بىقىپ قاناتىغا قاتقان.
عىزىز بىشمنى ياد ئەيلەي،
مازارمغا چراق ياققان.

ئاتام بولسا كورسەم مەن،
ئانام بولسا كورسەم مەن،
ئاتام بلەن ئانامنىڭ،
ئايىغىدا ئولسەم مەن.

ئانادەك مېھرىبان قايدا،
ئاتادەك غەمگۈزار قايدا،
ئۇلاردەك ئىچ كويەر قايدا،
غىرب بولغان بالاڭ قايدا.

ئاتام بولسا ئولۇپ كەتكەن،
ئانام بولسا ئولۇپ كەتكەن،

قېرىنداش بولغان بىلەن،
كۆڭلى بولۇنۇپ كەتكەن.

ئاق سارايىڭ بار ئىكەن،
زەدىۋالىڭ يوق ئىكەن.
ئاتا-ئاناڭ بولمىسا،
ئەتىۋارىڭ يوق ئىكەن.

ئۆيدە قاپتۇ بىر قالپاق،
ساندۇققا ئېلىپ سالدىم.
قېنى ئاتام بىلەن ئانام،
شەھىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز مۇندا، غېرىبلىقتا،
ئاتا — ئانىمىز قايدا.

ئىشەكچى دېمەڭ بىزنى،
قاشقا يولىدا كارۋان.
سارغايدى دېمەڭ بىزنى،
دەرد ئىچىدە سارغايغان.

ئاتامما ھايات بولسا،
ئانامما ھايات بولسا،

هاليغا ئوزەم يەتسەم،
دەردىنى ماڭا ئېيتسا.

بۇ تاغلا ئېگىز تاغلا،
غېرىب پولىنى باغلا.
غېرىب ئولسە كىم يىغلا،
غېرىبقا-غېرىب يىغلا.

بىغىڭغا كىرەر بولساڭ،
قولۇڭغا تىيەك ئالغىن.
شەرىڭدە مۇسافىر مەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

بىز ئېلىمدىن چىققاندا،
ئالتىنچى ئاي روزىدى.
باشقا ئەلەم كەلگەندە،
ئانا-ئانام بولسىدى.

بۇرادەرلەر خوش ئەندى،
خۇدايىمغا ئامانەت.
جان-تېنىم ئامان بولسا،
كورۇشەرمىز سالامەت.

سەھەردە ئويغىنادۇرمەن،
ئېلاندەك تولغىنادۇرمەن.

مۇرادمغا يېتەرمەن دەپ،
ئېگەمگە يالۋۇرادۇرمەن

خۇدانىڭ بەندىسى كوپتۇ،
مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇ.
مېنىڭدەك بولغىنى بولسا،
كويۇپ كۆل بولغىنى يوقتۇ.

ھاۋا تۇتۇلۇپ چقدى،
ھەم تۇمان بلەن مانان.
چۇشۇمگە كرپ قاپتۇ،
ھەم ئاتام بلەن ئانام.

ھاۋا بۇلۇت ئۇستىدە
دۇشمەن مېنىڭ قەستىدە.
مەن ئوزەمگە راس بولسام،
دۇشمەن ئاياق ئاستىدا.

قېنى مىڭ ياشيغان لوقمان،
ئولۇمگە ھيلىلەر قلغان.
نېچۇك دۇنياغا بەل باغلاپ،
جانغا تاپمىدى دەرمان.

قاليغاچۇ - قاليغاچ،
قاليغاچنىڭ قارنى ئاچ.

باللىرىغا دان بىرەلمەي،
ئوزى قابتۇ يالىڭاچ.

كەچ كرسە تاڭ ئاتمايدۇ،
مەن بلەن قىرشقاندەك.
يۇرتۇمدىن ئايرب ئەندى،
لاچىن سوقغان توشقاندەك.

كىيىدم كىيىنەك تونىنى،
گۇلخاندا يانا مەن دەب.
ئالدم يا بلەن ئوقنى،
دۇشمەننى ئاتا مەن دەب.

كىتب بارغان عومرۇمگە،
تولادن ـ تولا ئاغرىيمەن.
يەرگە چۇشكەن غازاكدەك،
كۇندىن ـ كۇنگە ساغرىيمەن.

مەن بىغڭغا كرمەيمەن،
بر گۇلۇگنى ئۇزمەيمەن.
ئەندى كەلدم عەقلمگە،
نادان بلەن يۇرمەيمەن.

مەن بۇ يەردە يۇرگەننى،
دۇشمەنلەر كورەلمەيدۇ.

قولیغا قوش پچاق ئیلب،
جان تاتلق ئۇرالمایدۇ،

مۇنداقما بولامەنمۇ،
بالاغا قالا مەنمۇ.
جاپانی تولا تارتب،
هالاۋەت كورەمەنمۇ.

مەن ئوزەم بۇ يەرلەردە،
كوڭلۇم يەنە بر يەردە.
غېربلق ئەسەر قلدی،
دودی ـ شاك كۇرەلەردە.

مەن ئەندی قانداغ قلای،
غەمگە قالغان بیشمنی.
كەنكیلی ئۇزاق بولدی،
سیغندم ئاداشمنی.

مەن ئولسەم ئیتم ئوچەر،
بیشمدن شامال ئوتەر.
مینی دیگەن دوسلیرم،
بیشمدن یغلاب ئوتەر.

نوۋەتی غازاك يەتدی،
ماۋسیمی باهار يەتدی.

بەخت بزگە يېقىن يەتدى،
نازم مۇنى دەب كەتدى.

غىرب ئاۋارە دۇر كوڭلۇم،
ئانايىلىق ماكان بولماس.
غىربلقدا ئولۇب كەتسەم،
خۇنۇم ئەلگە ناۋان ئولمەس.

غىرب بولدۇم-غىرب بولدۇم،
غىرب بولغانغا يغلايمەن.
غىربلق شەريدە يۇرۇب،
ئادا بولغانغا يغلايمەن.

ياشلق باشقا دوۋلەتتۇ،
قىرىلق باشقا مەينەتتۇ.
ئۇخليما ئگلا ياش باللا،
بۇگۇن-تاڭلا نادامەتتۇ.

يا بلەن ئاداشم يوق،
ئەلگە ئەتيۋارم يوق.
شۇ كۇندە ئولۇب كەتسەم،
بېشمدا ميهريبانم يوق.

يېگرمە ئكـكيدە يېشم،
ئاقاردى مينىڭ بېشيم.

ئيتمنى سوريسيلا ھەمرا،
بۇ يولدا يوقمۇ يولديشم.

تاقڨا چققان مەدبكارنك،
ئويى يوق نەدە ياتار.
ياغسا يامغۇ، چقسا بوران،
قايغۇ قلب قايدا بارار.

داۋانديكى قورغان،
مەھرەم باللانك جايى.
يەتمەمدۇ خۇدايمغا،
غيرب باللانك ئاھى.

ئيتم جەدە، ئيتم جەدە،
ئيتمنك قۇيرۇغى يەردە.
غانجۇغامدا شير كوكا،
مينك قوتۇرۇم نەدە.

كيتەى ئەندى، كيتەى ئەندى،
ئاتام بلەن ئانام قالسۇن.
ئاتام بلەن ئانامنك،
ئچيدە ئوتلبرى قالسۇن.

ئەل بەرگەننى مەن بەردم،
تەلەب قلميدم ياردن.

ئوتقا سالميسام سينى،
قاچان چقيدۇ دەردم.

ئالتۇن پوتا دەككينە —
ئاپپاق ئوپا دەككينە.
هەر كشينىڭ يارى بولسا —
كوڭلى مەيليدەككينە.

ختاى كەشنى خەى دەيدۇ،
تۇرۇب چامغۇننى سەى دەيدۇ.
كچيكنە قارا كوز،
قچقاسام لەببەى دەيدۇ.

جرغيلاڭنڭ يولليرى،
تارام-تارام ساى كيچك.
جرغيلاڭدن قز ئالدم،
قزل ئالميدن كچك.

ئيتك نيرى تۇرسۇن،
سوندۇردى ئيگەرمنى.
ئاتام بولسا ئالار ئيدم،
كونا يار جگەرمنى.

قاپاق چلم قوينۇمدا،
نەشينڭ خۇمارى مەن.

يارنڭ ئۈزىگى قولۇمدا،
بىر كورۈشكە ئىشقى مەن.

هاۋادىكى ئۈچ ئۆدەك،
ئۆچىلىسى بىر خىلدەك..
يىگى ئوسمە ياش باللا،
ئىچلىغان قىزىل گۈلدەك.

دەريا بويىدا ساندۇق،
ساندۇققا سامان سالدۇق.
ئانار خانىڭ تويىغا،
رەڭ-مىرەڭ توگا سالدۇق.

يۇقۇردىن چۈشۈپ كەلدىم،
قوللىرىمدا بەردەڭگە.
نىشانە بولۇپ تۇرغۇن، —
ئىتىپ باقاي مەيدەڭگە.

كوچىدا ناخشا ئىيتسام،
ئەل مىنى ساراڭ دەيدۇ.
ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
دەردى بار بالام دەيدۇ.

# ماقال ھەم تەمسىللەر

ئاۋايلىيماي ئۇرۇب ئيدىم،
ئاغرىيماي ئولۇب قالدى.

ئالدىرىساڭ ماڭا باق.

ئايدا ئوتاق بولمابتۇ، يلدا خوشنا.

ئالدىغىلى كچك بالا ياخشى،
خۇدا ئۇرسۇن قاقۋاشنى.

ئاش بەرگەنگە مۇش بيربتۇ.

ئاسماندىكى غازنىڭ شوۋيسيغا نان چلابتۇ.

ئانا كەسبگنى تاشلىيما!

ئايرلغاننى قار باسار،
بولۇنگەننى بوران.

ئاغزى ئوچۇق ئاچ قالماس.

ئانىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى،
بالىسى ئيتتبنۇ توڭغۇزنى.

ئايىغى ئىلدام ئاشقا،
ئاغزى ئىلدام باشقا.

ئارىدا قاڭشا بولمىسا،
بىر كوز بىر كوزنى يەيدۇ.

ئاينىڭ ئون بېشى قاراڭغۇ،
ئون بېشى يورۇق.

ئاخماققا ــ توخماق.

ئاچنىڭ ئىسىدە دىنىمسا ئيوقىنى بىلمەيمىس

ئاۋالقى قۇلاقىشۇ
كېينىكى مۈڭگۈزىشىلالە

ئاچ قالمىغىچە بۇ ئاچنىڭ مەقەھرگىنى بىلمەس
پىيادە يۇرمىگىچە ئاتنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئارىسدا قالدىڭ، ئىغلىدا قالدىڭ
يەڭگىدە قالدىڭ يىغىدا قالدىڭ

ئانىنى ئۇرما، ئۆڭگالى بار.

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار.

ئانا سۈتى بىلەن كىرمىگەن،
تانا سۈتى بىلەن كىرمەيدۇ

ئالسام، بەرمىسەم.

ئالماقتىن بەرمەك ئەلا

ئالغاندا «يايرا»
بەرگەندە «كاپىتا»

ئالغىچە ئالمان
بەرگىچە بەزگەك

ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئاناغا بىلىنمىدى
چەلپىگىنى ئىشتلار تالاشتى

ئاتامنىڭ ئاتىلىقى ئانامنىڭ بارلىقى ئالغىنىغا يارىمەپتۇ.

ئادەم ئەتكىنىگە تارتىشقەت

ئاتمىش ياشلىقىدىمۇ سوراۋەرمە
ئالتە ياشلىقتىن سور!!

ئاغىنەڭ قارغا بولسا يېمىشىڭ پاقا

ئاش بولسا ئىش بولمىسا
ياز بولسا قىش بولمىسا

ئاش كەلسە ئيمان قيچبتۇ.

ئاسماندن تەيتۇلا ياغسا،
تۇمار قيپى تەگمەبتۇ.

ئاتاقسز ئەردن، ئيگز دوڭ ياخشى.

ئاتا كامچيليغى ئەمەس،
لاتا كامچيليغى.

ئالدريغاننڭ توشۇغى تيبتۇ.

ئەمگەك بلەن ئەر كوكۈرەر،
يامغۇ بلەن يەر كوكۈرەر.

ئانيسى با چيچەك،
ئانيسى با چيچەك.

ئالديڭ ئۇتتۇڭ، ساتديڭ يۇتديڭ.

ئاخماقنڭ عەقلى چۈشدن كيين.

ئالتۇننڭ قەدرينى زەگا بلۇر.

ئالتە ئولچەب بر كەس.

ئاتقا منسەڭ، ئاتاڭغا باقما.

ئاغرق تورليسە جينڭنى ئالۇر،
شفا تۇرۇسە پۇلۇڭنى.

ئاغرق قايدن كيلۇر— ئاشدن
بالا قايدن كيلۇر— قاياشدن.

ئيتنڭ هارسا— دوڭگه چاب.

ئادەمنى نومۇس ئولتۈرەر،
توشقاننى قومۇش.

ئاغرقنى بۇس ئولتۈرەر،
يېگتنى نومۇس.

ئاۋالدن مينڭ ئيدى،
تليۋيدم دورا بولدى.

ئايرلغانغا ئولمەيمەن،
هېقبېدەمگە يغلايمەن.

ئاقچا تاپساڭ، ساناپ ئال!

ئاتا كورۇپ قز ئال،
قرغاق كورۇپ بوز.

عادالەتسز كشى قلسا شاهلق،
تولا ياخشى بۇ شاهلقدن گادايا

ئات— ئەر كشيگە قانات.

ئات— بر قليغى يات.

ئات تاپقيچە، ئيگە تاپ.

ئات ئيغينيغان يەردە ئتەلك قالور

ئات ئيگيسيني، ئات كەينيگە منكەزمەيتو.

ئات ئايلينب قوزۇغيني تاپار.

ئادەمنڭ ئاليسي ئچيدە،
حايۋاننڭ ئاليسي تيشيدا.

ئالدريماڭ يارەي،
سزگە قويغان بارەي.

ئالدريغاندا ناخشا ئيئيسان.

قيتق ئچكەن قوتولدي،
تاۋاق ياليغان توتولدي.

ئادەم تليدن كيتەر،
حايۋان مۆڭگۈزيدن.

ئاچچق ئالديدا يۈرسە
عەقل كەينيدە يۈرە

ئاچچق يۈنۈشر ئاچ يوۋۇشر

ئاچنڭ كوزي ناندا، توقنڭ كوزي حيكمەتدە.

ئاغريماس بيشمغا ئالتە تاياق،

ئاناڭ كم بولسا،
سەن شۇنڭ ئوغلي

ئادەمنىڭ ئەقلى بولمىسا
كوزى تام توشۈگى ئوخشاش

ئاغزىدىن چىقدى، سافىلىغا ياماشتى

ئاغزى يۇمشاق موزاي، قوش ئەمچەك ئېمەر

ئالدىرىغان قالار،
بۇيرىغان ئالار.

يامانغا ياغ ياراشماس،
ئۆشكىگە يۇمغاسۇت.

ئاتىلىق يىتىم — كۆل يىتىم،
ئانىلىق يىتىم — گۆل يىتىم،

ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ،
بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن.

ئاتقان ئوق، يېنىپ قايتالماس

ئالدىرىماڭ ئالدا كىلۇر،
ئىگىر قىماڭ ئاڭلا.

ئادەمنىڭ ئالدى گۈل
كەينى تىكەن.

ئاخماقنىڭ چوڭلۇقيا كىچىكلىكىدىن يوق

ئىشىنى يەپ، ئازىغىغا چىشلىغان

ئالتۇن، كۈمۈچ تاش بولدى،
ئارپا، بۇغداي ئاش بولدى.

ئاق ئالما، قزل ئالما،
چەنئەب ئوزەڭدىن قالما.

ئاغزى كويگەن «پۇح» دەپ يەر.

ئاغزى ئاشقا يەتكىچە،
بېشى تاشقا يېتىپتۇ.

ئاغرىقنى يوشۇرساڭ،
ئولۇم ھاشكارە.

ئالتۇن يەردە ياتماس،
ياخشىلىق ھېچ ئۇنتۇلماس.

ئالدىراپ ئاشقا چۈشكەن.

ئاغىنەڭ ساق بولسا،
تاشلىقدا ئات.

ئېغزىڭ نوختىيسى يوق.

پۇلۇڭغا ئىشەنگىچە،
ئەقلىڭگە ئىشەن!

قولىدىكىنى ئالتە قېتىم ئىزلىگەن.

ئاز يەپ، ئاسان ئىزلا!

ئاز بولسىمۇ ئىشىم، غوغاسىز بىشىم.

ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار
يۈگرىگەن باغ.

ئادەمنىڭ تىشىغا باقما، ئىچىگە باق.

ئادەمنىڭ جىنى چىقسا، تازىنىڭ كۆڭلى كىرىپسى...

ئادەمنىڭ ئادەملىگى،
ئاچچىقى كەلگەندە بىلىنۇر.

ئارتۇق دۆلەت باشنى يارماس.

ئاتاڭنىڭ بىشىمىدى، مۈنچە قىلىپ.

بىلگەنگە ئون ئىككى،
بىلمىگەنگە ئوتتۇز ئىككى.

باينىڭ پۇلى، ئوچاقنىڭ كۆلى.

بوشۇڭ بالىسى ـ بەگ بالىسى.

بىلمىسىزگە ئىش يوق،
ئىشسىزگە ئاش.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.

بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس،
باش تارىغان بىلەن خوتۇن ئەمەس.

باريدا پولدۇرۇك-پولدۇرۇك،
يوقيدا قاراپ ئولتۇرۇك.

بار-يوقى بىر بالام،
باش-كۆزى ناز بالام.

بيكارنىڭ چولىسى يوق.

بلميگەنگە ياخشىلىق قلغينك بوش
تەگشميغانغا سوز قلغينك بوش.

بەرگەن بەگكە يارابتۇ،
بەرميگەن كمگە؟

بارمايمەن ديگەن توگمەنگە
يەتتە قيتم بيربتۇ.

ئالغاندا «بسملا»،
بەرگەندە «ئەستاغپرۇللا».

بۇغداي تەرسەڭ كۆزگە تەر،
ئارپا تەرسەڭ بورغا تەر.

باش يېرىلسا — بۆك ئىچىدە،
قول سۇنسا — يەڭ ئىچىدە.

بېلى بوشنىڭ گېپى بوش.

بيكار كەلگۈندە هال ئەيتمەن،
ئسراپلقدين ئەهلى نەپ ئەمەس.

بالا ـ قازا كورۇپ كەلمەس
پۇت قولىنى ساڭگىلىتىپ.

بېشىڭ ئىككى بولمىغىچە
مېلىڭ ئىككى بولماس.

بۇرنىڭ يېمىسىما، ئاغزى قان

بازاردا مىڭ كىشى،
كوڭۈلدە بىر كىشى.

بېرىپ يەتتىمەن،
تۈگەپ قالىدىغاننى بىلمەپتىمەن

بەرسە يېمەن
تاپسا قويماس.

بار پەرمان بىلەن،
يوق ئارمان بىلەن.

بار ئوخشىتا،
يوق قاخشىتا.

بېكىڭگە يەتكىچە، بىلەك سونار.

بىلگەن بىلمىگە ئۆگىنەر،
بىلمىگەن نېمىسىگە؟

باي ئېلىنى سۆزلەيتۇ
گاداي مۆكىنى.

بوغۇمسز يەرگە پچاق سالما.

بای بارینی بەرمەس،
یوق قاراپ تۇرماس.

بالیلق ئوی — بازار،
بالیسز ئوی — مازار.

بالینی یاشدن ئۈگەت،
خوتۇننی باشدن.

بای — بایغا باقا،
سۇ سایغا ئاقا.

بیشك نەدن کەتدی، ئاغزگدن.

بۇغداینك بانیسیدا،
قارمۇق سۇ ئچبتۇ.

بیرشنك بیشینی ئیلش ئوگشار.

بیکا تۇرغیچە، بیکا ئشلە.

بوك ئال دیسە، باش کیسبتۇ.

بوغۇزلی پۇتۇن پیسە،
ئاییغیدن تۇتۇن چقار.

بر یاخشیلق تۇنتۇلماس،
بر یامانلق.

بر ئۇبنڭ مۇڭگۇزيگە ئۇرسا،
مڭ ئۇبنڭ تۇۋيغى سيقرار.

بوبينى ئيگەلميسەڭ، قولينى سوى.

باشدا سوز بولسا، ئاياقدا ئۇن بوق.

بورى ييرب بەردى،
قاغا چوقۇب بەردى.

بۇ دوۋلەت سەللە ئۇرماس،
بۇ مەينەت مەندە!

بالاڭنڭ ئوينيشيغا باق،
قازينڭنڭ قاينيشيغا.

بوريسى يوق جاڭگال،
ئوغريسى يوق يۇرت بولماس.

سورا-سورا بلم ئاپتۇ،
ئۇيبلا-ئۇيبلا كيين قاپتۇ.

باشديكى مۇشدن ييڭلما!

بۇغداى نينڭ بولميسا،
بۇغداى سوزۇڭ يوقميدى؟

بۇغداى پانميغان ئاغزمغا،
موزاى بيشى بوش كەلدى.

گەپ بىر، قۇلاق ئىككى.

بىكار بولساڭ كېپەك تاسقا تاندىن يېگىن.

بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم،
غوجۇن-قاچىسىنى تولدۇرالىدىم.

بىر ئەرگە نوۋەت، بىر يەرگە.

بازارغا چىق، بەختىڭدىن كۆر

بويىنىدىن باغلىغان ئىتنى ئوۋغا يالۋايمايدۇ.

بەرمەسنىڭ ئىشى پىشماس.

بىرىگە ئالتۇن تاۋاقتا نان بەرسە،
بىرى نانىنىڭ ھەسرىتىدە جان بېرەر.

بارىنى ئوغرى ئالدى،
قالغىنىنى رامچى.

بۆرىنىڭ بولسا تەڭ ئۈرىياق،
قاغىنىڭ بولسا دەرەخ بۇچىقى.

بېلى ئاغرىماسنىڭ نان يېيىشىگە باق.

بالا بولسا شوخ بولسا، تومتۇما يوق بولسا.

بالا — قىلغان ئىشى چالا.

بېشى يوغان بەگ بولمىدۇ، پۇتى يوغان قۇل

بۇلبۇل قەدرىنى باغ بىلمەس
تاغنىڭ قەدرىنى داق
دانا قەدرىنى نادان بىلمەس،
ئاغرىق قەدرىنى ساق.

بودىنەمنىڭ ماكانى يوق،
نەگە بارسا ۋىتۇالداق

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ،
ئويلاپ سۆزلە.

چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ
دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ.

چاقان جۈگاننى بۇشۇڭ تاستىدا كورۇڭ.

چرايلىق-چرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چرايلىق

چالا موللا ئادەم ئۆلتۈرەر،

چوڭنىڭ ئەملىمۇ چوڭ.

چوڭ بولساڭ كىچىك بول!

چراق پەلىگەن تىش تەمەس.

دوستقا دوست كېرەك، عيسابقا ·رەس.

چوڭ قوپۇپ بىشىمى ئاچسا،
كىچىك قوپۇپ ئىچىنى ئاچار

چراق شيمىنى خەلق باندۇرۇپ قويدى.
ئىنى كم «پۇۋ» دىسە، سافىلى كويدى.

جاغدا قوغۇن جىنگمۇ،
ئەگرى قوغۇن ئىرگمۇ،
قارا قوغۇن قىنگمۇ،
بىشەك شرن بىشگمۇ.

جان بولسا جاھان،
ئاش بولسا قازان.

جىننىڭ قەستى شاپتولدا.

جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتمەس.

جاپا كورمەي ھالاۋەت يوق،
ئىناق بولماي ساعادەت يوق.

دوستنىڭ دوستلىغى،
بىشىغا كۈن چۈشكەندە بلىنۇر.

دەرد بار، دەرمان يوق.

دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قالدۇرما.

دەشنەم يىگىنىم، بەش نان يىگىنىم.

ئىزا ئانقىنم ــ غزا ئانقىنم.

دەرت ئاتمىغىچە، ھالاۋەت يوق.

بۇغداى نينك بولميسا،
بۇغداى سوزۇك يوقميدى.

دەرت كەلسە جۇب، دوۋلەت كەلسە تاغ.

دۇنيانى توپان سۇيى بيسب كەتسە،
ئاستيدا ييتب پولۇ يەبتۇ.

دەريا تيشب كەتسە،
ئودەكنك نيمە ئشى.

دۇنيا ديگەن قولنك كرى.

دۇمبيسى قچشقان ئيشەك،
تۇگمەنگە كيلۇر.

دۇست ييغليتب ئيتار،
دۇشمەن كۇلدۇرۇب.

دوست بول سرينى بلب.

دوستنك دوستليغى كيرەك،
حيسابنك دۇرۇستليغى.

داب داگريغان يەردە،
ئيشەك هاگريغان يەردە.

داۋاگەر داۋا قلماس،
داۋا قلسا قۇرۇق قالماس.

دەئۋا قىرىماس.

دوۋلەت ئەگەر قونسا چۈين بىشىغا،
سەمرۇق كىلۇر كۈندە ئىنىڭ قىشىغا.

دوست باشقا باقا،
دۇشمەن ئاياققا.

ئىشەك ئىشەكدىن قالسا قۇلىغىنى كەس.

ئەرنىڭ غەيرىتى تاغنى قلار قۇم (ق. ح.).

ئىشىگىم كورۇكدىن ئوتكىچە ئەزر.

ئىشەك كۈل تابسا ئىغينار.

ئىشەكنىڭ مازا بلەن ئىشى يوق.

ئىرنسەك يۇگرەرسەن!

ئىشىگى يوق موللامنىڭ قۇلۇغى ئىچ.

ئىگزنىڭ ئاچچىغى كەلگىچە،
پاكانىڭ جىنى چقبتۇ.

ئىيت - ئىيت دىسە،
ئانىسى ئىسىدىن چقبتۇ.

ئىرقنى ئوبۇب چاب،
سۇنى ئويناب تۇت!

ئىتى يوقنىڭ جىنى يوق.

ئىتىڭ ياخشى بولسا،
قامچا نىمە كېرەك.

ئىشەكنىڭ ئۆزى هارام، كۈچى هالال.

ئىشەك ئۆلسە،
قۇگى غىجەك تاتىدۇ.

ئىغرلىق راھمانلىق،
يىنىكلىك شەيتانلىق.

ئىشىگى بىر پۇل، توقۇمى بەش.

ئىيتماقنىڭ ئىتى ئۇۋۇغ.

ئىيتقان سوز، ئاتقان ئوق.

ئىيىق بولسىمۇ ئىرم بولسۇن،
ئوگكۈز بولسىمۇ، ئويۇم بولسۇن.

ئىگىز بۇرۇننى كورە-كورە،
پۇچۇق بۇرۇن ئۆچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئىلىپ ئالتە بولماپتۇ، يەپ يەتتە.

ئەرنىڭ ئوزى ئەمەس—سوزى.

ئەر يىگىلىپ ئولغا چۈشىدۇ،
قۇش يىگىلىپ—تورغا.

ئەرزەن گوشنىڭ شوۋىسى تېتىماس.

ئەلنىڭ جېنى چىقسا،
گالۋاڭنىڭ كۆلىگىسى.

ئەمىلى يوق سوپىدىن،
تۇخۇمى يوق توخۇ ياخشى.

ئەگەر بولمىسا سەندە سوزگە يەتمەك،
نە دوۋلەتدۇر سۇكۇت ئەتمەك.

ئەسكەر ئۇتسە،
ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتمە.

سايە كورۇك بولسا،
ئۇنى بىيسىپ ئۆتمە!

سوزنى قىل سىغار يەرگە،
سۇنى سەپ سىڭار يەرگە.

ئەلگە كىرسەڭ ئىلگىچە،
سۇغا كىرسەڭ بىلگىچە.

ئەلنىڭ يىلدا ئەل يىگىر بىتۇ، يۇز يىلدا قازان.

ئەلچىگە ئولۇم يوق، جاچىغا كورۇم.

ئەگلەككە كىيتىپ، ئەرگە تىگىپتۇ.

ئەل ئۇستىدە قۇشقاچ ئولمەس.

ئەرنىڭ يالغىنى ئولگىنى.

ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا،
ئاەرانقا پوتلاش.

ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى،
يامان خوتۇن ئولگەندە.

ئەجەل يەتمەى جان چقماس،
بىخل بايدن پۇل.

گۇمان ئيماننى قاچيرۇر.

گوشنى كورسۇتۇب، ئوپكە سيتبتۇ.

گەپ سوزدە ياخشى، كاۋاب زىخدا.

گاداى بولساڭ شە تالاش.

گەپ ديسە بەش ئيشەككە يۈك.

گاھى بر ۋاخدا ميهمان كيليدۇ،
قۇيۇب قويغان ئوپكيدەك،
گاھى ۋاختيدا ميهمان كيليدۇ،
يۇگرۇب قوپۇب تەپكيدەك.

گەپنى قل ئۇققانغا، جاننى-جانغا سوققانغا.

غوجامنىڭ غوجيسى بار،
چامغۇرنىڭ ئوريسى.

غەر ـ غەرەزچى كىلە، ئوغرى ـ ئاسمانچى.

غوجامنىڭ ئىتى ئۇلۇغ، سۇپۇرسى قۇرۇق.

غەيرەتلىك ئەردن، تاغ قىچىب قۇتۇلماس.

ھاى جۇگانىڭ قىشىغا قارىغۇنچە،
قاچىسىنىڭ تىشىغا قارا!

ھەرنە بەرسەڭ قولۇڭ بلەن،
ئۇ بارۇر سىنىڭ بلەن.

ھۇنەر ـ قلسا ئۇنەر.

ھورۇن ئىشەك يۇكنى ئىغر كوتۇرەر.

ھەر كىمنىڭ ئوزىگە،
ئاي كورىنەر كوزىگە.

ھورۇنلىق قلساڭ ئىشگنى كم قلا،
ئۇيالساڭ سوزگنى.

هارۇاڭ سۇنسا ئوتۇن بولار،
كالاڭ ئولسە گوش.

ھەممە ئىشنى موللا بلەر،
موللا قويۇب كۇلگە سيەر.

ھاكم تۇزۇك بولميسا، يۇرت بۇزۇلار.

ھالۇينى حيكم بەر، تايافنى بيتم.

ھۈنەرلىك ئۆلمەس،
ھۈنەرسىز كۈن كۆرمەس.

يامانىدىن يار بويلاپ قاچ.

ھىلىلىك ئىشىدا خەيىر يوق.

ھاراقچىنىڭ كۆڭلى باي.

ھارماڭ دىسە ھاپاش بوبتۇ.

ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق،
بوۋاينىڭ توقمىقى بار، ماغدىرى يوق.

ھورۇننىڭ ئىشىگىنى سۇغار، پۇلىنى ئال!

ئەقىل ياشىدا ئەمەس — باشىدا.

ئەقىلسىز باشنىڭ جازاسىنى ئاياق تارتار.

ئاناڭ كۆك بىشى بولغۇنچە،
يېرىڭ سۇ بىشىدا بولسۇن.

كۆرگەن - كۆرگەننى قىلا،
كۆرمىگەن ئىمىنى قىلا.

كەچ قالغان قاراڭغۇدىن قورقمايدۇ،
ئەتە كەلگەن دەرەڭگىدىن.

كەل تاۋىقىم، يان تاۋىقىم.

كوڭلى بۇزۇق ئادەم،
باشقيلاردن عەيب ئزلەر.

كورگەن يولڭنى ئاتاڭغا بەرمە.

كورگەن كۇنۇڭنى ئۇنتيما،
شيۋە چورۇغۇڭنى قۇرۇتما.

كشى قوليدا قۇش تويمابتۇ.

كيكەچ بولسيمۇ،
باينڭ باليسى سوزليسۇن.

كشينڭ ئيشى ــ بوسۇغا بيشى.

كۇنديزى سوزليسەڭ يان ـ يينڭغا باق.
كيچسى سوزليسەڭ قۇلاقنى ـ قولاققا باق.

كشيگە بەرسەم ئست ئيشيم،
ئويدە تۇرۇب سيسار ئيشم.

كوپ بلەن ئولۇم، بەجاييكى توى.

كوڭۇلسزگە، كوينەك كييگەزمەبتۇ.

كوڭۇل ئاغرتقان دوست ئەمەس،
مەيدە ئاغرتقان ئاش.

قيرينڭ سوزينى قاپدا ساخلا،
ئولۇگينى هەفتە،

کیکەچ قزنڭ تلینی ئانیسی ئۇقار.

کوڭلنڭ ئالیسی، خۇدانڭ بالاسی.

کوزۈڭ بلەن کوردۇڭمۇ،
قۇلاق بلەن ئاڭلیغان یالغان.

کوپ یاشیغان نیمە بلۇر،
کوپنی گورگەن شۇ بلۇر.

کوپ بل، ئاز سوزلە.

کم یامانلق ئویلیسا، تاپماس یامانلقدن ئامان،
ئۇ یاماننڭ ئافیتی یانغای ئوزیگە شۇ زامان.

کەمبەغەلنڭ چیبی ــ چشکە دورا.

کوز قورقاق قول باتۇر.

کوزگە ئلمیغان ــ پۇتقا چوماق.

کوسەی ئۇزۈن بولسا، قول کویمەس.

کشی ئیتی ئات ئەمەس.
ئککی ئاییغم یات ئەمەس.

کۆلمە کشینڭ دەردیگە،
ئەتە ئوزەڭگە بیتە!

کۆزنڭ ئافتیۇیغا قزگنی قاخلا،
بازنڭ ئافتیۇیغا کیلینگنی قاخلا.

كىشىنىڭ ئىززىتىنى يېسەڭ،
ئۆزەڭنىڭ پېيىدە بول.

كام كۆرۈپ سىنى كىشى ئىلمىسە ھەردەم كۆزىگە،
دېمە كىم قىلدى دەپ، ھەر كىشى قىلسا ئۆزىگە.

كىشىنىڭ ئىشىنى ئىشلەپ،
قايسەن لېۋىڭنى چىشلەپ.

كۈيئوغۇل كەلدى، ــ خان كەلدى.

كىيىنكى پۇشمان،
ئۆزەڭگە دۈشمەن.

كەڭ كىيىم كېيگىپ تىتىلار،
تار كىيىم تارتىشىپ يىرتىلا،

كەلمىگەن پىيلە كىدە،
ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟

كوزۇڭنىڭ بارىدا شەھەر كور،
چىشىڭنىڭ بارىدا گوش يە.

كىشىدىكى ــ خۇدادىكى.

كوپنى دەپ ئازدىن قۇرۇق قاپتۇ.

كۈچ ئاتىسىنى ئايىماس.

كىلگۈر يېرىڭ كەڭ بولسۇن.

كۆن كورمىگەن كۆن كورسە،
گۈندۈز چراق ياندۇرۇر.

كۈندۈلۈك غوغا بيشىدا،
ئويلىماي قلغان ئشىدا.

ئات منسەڭ ئاتاڭغا باقما.

كيلىنڭنى كەلگەندە كور،
چاچ بيغينى سالغاندا.

كاللا ديسە پاقالچەك،
پشىرب بيرەي ديسە،
خام يەيمەن دەيدۇ.

كييگز پايپاقفا تاغال فاقفاندەك.

كوكينى كورۈپ كوكسۈڭنى كيريمە.

كويگەن جۇگانغا ئات تيزيگى ئاي كورۈنۈبتۇ.

لەقەمسز ئەر بولماس،
ئويماقسز خوتۇن.

مەن كچك بالا ئەمەس،
ئەمچەكنى «مەممە» ديگيلى.

مۈزدن ئوتسەڭ ئلگرى ئوتكن،
ئويۇلغىچە ئوتەرسەن،
سۇدن ئوتسەڭ كيين ئوتكن،
ئاقفىنىنى كورەرسەن.

موشۈككه ئويۇن، چاشقانغا قىين.
مەن كورمىگەن بازار ئەمەس.

مڭلققا بورى تەگسە،
بىلققا پچاق ئىلىپ يۈگرەر.

مەسلك ــ پەسلك! (ق. ح.).
مىهمان قوىدن يۈگاش.

مىهماننڭ ئوزىنى باتقىچە، ئىتىنى باق.

مال ئىگىسىنى دورىمىسا هارام.

مەن چالمىغىنى چالاى دىسەم،
چالما مىنى چالاى دەيدۇ.

مىلڭ مڭغا يەتكىچە،
توڭگەك مڭغا يەتسۇن.

ماى سىسىسا توز سىپەر،
توز سىسىسا نىمە سىپەر.

موللىنڭ يامىنى ۋاراقچى،
بەندىنڭ يامىنى هاراقچى.

موللا كشى يىرم كشى،
ئككى موللا بر كشى.

موللا كشىدن نان ئالماق،
پىتر ئاندن قل ئالماق.

میلی بارنىڭ میلیغا،
میلی یوقنىڭ جینیغا.

مولليمەن ـ مولليمەن،
موللا كورسەم يولديمەن.

موللا كوپ بولسا، قوی حارام بولار.

موللا بولساڭ تەكرار قل،
دیهقان بولساڭ شۈدیگە قل.

مولليلار برسەللە،
دەرۋیشلەر بر مەللە،
قیریلار بر دەللە.

موللینىڭ دیگینینی قل، قلغینینی قلما.

موللا ئوقۇپ يەر، قاغا چوقۇپ.

مەن ئالدرایمەن یەتكیلی،
ئیشیگم ئالدرار یاتقیلی.

مەن كويەرمەن بالامغا،
بالام كويەر بالیسیغا.

مال ئیگیسیدن ئوغری كوچلۈك.

موللیغا بەردم ئوقی دەب،
ئۇستیغا بەردم توقی دەب،

سىنى كم غوراز قىلدى،
مىكىيانىنى چوقى دەپ.

ماختىغان مالغا بىچار.

مالنىڭ بېشى توخۇ.

مەن قىلار مەن ئوتتۇز،
خۇدايىم قىلار توققۇز.

مىننەتلىك ئىشكىن،
قارنىمنىڭ ئىچى ياخشى.

مىنىڭ ئىدى سىنىڭ بولدى،
تلىۋىدىم دورا بولدى.

نەخ تەگسە، خۇش كۆلىسىز.

نامراتچىلىق تاشدىن قاتتىق.

نىمە تەرسەڭ، شۇنى ئورارسەن.

نامراتنىڭ بىر تويغىنى، بىر باي بولغىنى.

نادانغا ئېيتقان ئىست سوزۇم،
ئولۇككە يغلىغان ئىست كوزۇم.

نامرات بولساڭ كوچۇپ باق.

قۇۋ تولكە تۇمشىغىدىن ئىلىنار.

ئورۇق ئۆيغا يوغان مۆڭگۈز.

ئوشۇق مال باشنى يارماس.

ئوساغانقا ئارپا ئىينى باھانە.

ئوغلۇم بولسا ئوچاقتەك،
قزلار كېلەر قوچاقدەك.

ئوتنى ئۆتساڭ كويەرسەن.

ئوتنىڭ ئىشىدا كويگىچە ئچىدە كوى.

ئوغلۇم ساڭا ئيىتاى، كېلىنىم سەن تڭشا.

ئوڭ ئاياق، سول ئاياق،
بزنى قلديڭ توم ئاياق.

ئوغلۇڭ چوڭ بولسا، يىگىتلىگىگە ئالۇر،
قزڭ چوڭ بولسا، جۆگانلىغىغا ئالۇر.

ئوتۇنچيغا ئوت قالاتما، سۇچيغا سۇ.

ئونيغانغا بونيغان.

ئوتۇن يغديڭ كۇل يغديڭ،
ئوت-چوپ يغديڭ پۇل يغديڭ.

ئوغاق تۇتۇب ئاناڭ قالغيچە،
ئويماق تۇتۇب ئاناڭ قالسۇن!

ئوغلۇمنڭ بالیسی، ئۇزەمنڭ بالیسی،
یات قلغان ئانیسی.

ئورینی کم کولیسا، ئوزی چۈشەر.

پۇل تاپقیچە علم تاپ.

ئوق ئاتما، کوکۈل ساتما.

ئوغرینی قاراقچی ئۇرۇبتۇ.

ئوغۇل بالا ئوتتۇزغا کرگەندە،
بر قارا ئات، بر ئاق ئات توقۇغلۇق.

یالغانچینڭ قۇیریغی بر تۇتام.
تاۋیغینی ئالساڭ، قوشۇغینی قوی!

ئوغری ئوز پۇلینی یەر.

ئۇشکیگە جان قایغۇ، قاسسابقا مای.

ئۇلگەندن ئوپکە سورابتۇ.

ئوزینی سوریغان،
قازی ئشیگیگە بارمابتۇ.

ئوی ئەنسزلیگیدن، گور ئەلسزلیگی یاخشی.

ئوزینی بلگەن خار ئەمەس.

ئوز ئویۇمنڭ خۇشلیغی،
پۇت-قولۇمنڭ بوشلیغی.

ئولۇككە گور تيپيلا، تريككە ئوى.

ئوزەڭنى بەك تۇت، خوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

ئوزىنى ئاييغان سۇلتان،
ئوزىنى ئاييمىغان ئۇلتان.

ئويىڭزدە قۇرۇق ئۇنلغىڭز يوق
ئيتيڭز ماجان بۇۋى.

ئورۇك يەپ ئاغرىغىدچە،
ئالما يەپ ئوليۋال.

ئويۈڭگە كر گۈزمە قيرى دەللىنى،
كريدۇ - چقيدۇ، بۇزيدۇ پەللىنى.

ئوزەڭ ئۇچۇن كۇلەرسەن،
يۇرتڭ ئۇچۇن ئولەرسەن.

يالغان گەپ چاپسان بيىلۇر.

ئولگەن ئينەك سوتلۇك بوليدۇ.

ئوتكەن ئومۇر ــ ئاققان سۇ.

ئوتكەن ئشقا ساليۋات.

ئولۇك قايدا باريسەن، ــ
بارنڭ پۇلىنى چاچقيلى،
يوقنڭ ئيتيگىنى ئاچقيلى.

ئومەكلك ئشتنڭ قۇيرۇغى ئورە.

ئوزلىرى بولالمايدۇ، بولغاننى كورەلمەيدۇ.

ئولگەنگە سىرلغان.

ئوزيدن كەچميگىچە،
كشينى خۇش قلب بولماس.

ئوزەگنى ئەر چاغليساڭ،
باشقينى شەر چاغلا.

ئويدن- ئويگە كوچسە،
ئوغلافلق ئوشكيگە زيان.

ئوزيدن خوريگى چوڭ.

ئولۇك ئولسە، ئۇچ كۇن سوز- چوچەك.

ئوزەمنڭ دەرمەن،
يۇگرەب فوپۇب يەرمەن.

ئوزى تويميغاننڭ، كوزى تويماس.

ئويدە ياتقانلا گردە يەر،
كەتمەن چاپقانلا جگدە يەر.

ئوزەگنى بل، ئوزگىنى قوى.

ئوزيدە تاغالاب تۇرسيمۇ،
ئەلنگكيگە قاب ئيلب يۇگرەبتۇ.

ئولگەننى تەپكەن.

ئوزىنى ماختىغان بىر ئاخماق،
خوتۇنىنى ماختىغان ئىككى ئاخماق.

ئولگەندىن ئوپكە سورابتۇ،
ئەسكى تامدىن قوقاق.

ئولگەن قايتماس، ئوچكەن يانماس.
ئولىمەن دىسە، ئۆرىمەن دەيدۇ.

ئولۇپ-ئواۇپ ئاز قالدى،
ئىككى ئاللا تاز قالدى.

ئويدە بار، ئويىدا بار.

ئوكۈز بىلەن بەراۋەر بولىمەن دەپ،
پاقا يىرىلىپ كىتىپتۇ.

ئوينىڭ چوڭى بولمىسا،
ئوشكىنىڭ ئىتى ئابدۇراخمان.

ئوينىڭ ئولچىگى بار،
ئوتتۇرسىدا كولچىگى.

ئوزى قىلغان ئەر، ئوزى يغلىمايدۇ.

ئولۇككىيما ئۈچ كۈن سوز،
تىرىككيما ئۈچ كۈن.

ئوز پۇتىغا ئوزى پالتا چاپقان.

ئوتكەمىدىن ئوتتۇپ،
غەلۋىدە توختابتۇ.

ئوزەمنى بلمەي شلتك ئىتپتيمەن،
پالازغا يوگۇنۇپ ئۇچ كۇن يىتبمەن.

پۇل تليسەڭ ئەمگەك قل.

بورىنىڭ تاپقىنى تەك ئوتاق،
قارغىنىڭ دەرەخ ئۇچىدا.

پاقا برسەكرەر، ئكـكى سەكرەر،
ئۇچنچىدە ئورىغا چۇشەر.

پىناس يەرگە چۇشسە، ئۇنى ئەرشكە چقار.

پۇت - پۇتقا، قول - قولغا.

پشميغان تويغا،
قازان ئىسب بولمايدۇ.

پچاقنى ئوزەڭگە ئۇر،
ئاغرىمىسا ئوزگىگە.

بلملكنىڭ گىپى ئوك،
بلمسزنىڭ گىپى توك.

باغدا ياتقانلار گردە يەيدۇ،
كەتمەن چاپقانلار زاغرا.

پۇشقاققا پشت چۇشدى.

پرڭ بولغان، ئيرڭ بولار.

پشتنڭ ئاچچيغيدا، چاپاننى ئوتقا سابتۇ.

پوققا چالما ئاتساڭ ئوزەڭگە چاچرار.

پالسز يۇرمە، پالغا ئيشەنمە.

پاراڭ ئەدن چقيدۇ، كوڭولدن.

پۇلۇڭ كوپەيگيچە، دوستۇڭ كوپەيسۇن.

قش ئوچيغى تار، قوپ ئويۇڭگە بار.

توزەكنى مەككەم تۇت،
خوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

قيريغاندا قيرى تاتۇق،
قلقليرى ئاندن تارتۇق.

قلغان، ئەتكەننى حالاللايدۇ.

قۇلياغا قۇيماق.

ھەمميگە بوغۇساق، ياسنغا يۇبقا.

قالغان ئشكە قار ياغار.

ئشليسەڭ ئالارسەن ئون خوئاش.
ئشليميسەڭ قالارسەن ئاچ.

قارلى يامان هييتدا ئولەر.

قازاننك گوۋاچيسى چومۇچ.

قزلق ئويگە قرق ئات باغلينۇر.

قليغينى بلميگەن ئاتقا ييقن بارما.

قاغا قاغينك گوزينى چوقۇماس.

قزى بارنك نازى بار.

قارا قازاننك ئيشى تانلق،
مس ليگەننك توۋى.

قەست قلغاننى پەست قل!

قازاندا بولسا چومۇچكە چقار،
بولميسا نيمە چقار.

قالماق ئيتى بوغۇز ييمەس،
بوغۇز ييسە توۋرا تيشەر.

قوقاندن ئاۋال مۇش تەگلەبتۇ.

قاساب دوستيغا ئۇستيخان بيرۇر.

قوغۇنغا ئوغرى كرسە،
يە خيمينى قويماس، يە پششيغينى.

قيق كشى بر سيرى،
قرق كشى بر سيرى.

قوغۇن پشسا، ساپيغيدا تۆرماس.

قاچان ئلماش قلاليغاى،
ئوزەم ئيتقان سوزۇمدەك.

قۇلدەك ئشلەب بەگدەك يېگن.
بيكا بولساڭ كيپەك تاسقاب، ئاندەب يېگن.

قاتريغان قالۇر، يۇگرىگەن ئالۇر.

قاغا بالام ئاپپاق،
كرپە بالام يۇمشاق.

قزنى ئانيسيدا ساخليسۇن،
ئوغۇلنى ئاتيسيدا.

قارغۇ تۇتسا قويماس.

قۇرۇق حيسابنىڭ ئەتيۋارى يوق.

قازان ئالساڭ قيقب ئال،
خوتۇن ئالساڭ بلب ئال.

قاشقا سانيساڭ كوزگە،
كشيگە سانيساڭ ئوزگە.

قزنڭ جينى قرق.

قۇل ئات منسە چقميغان دوكى قالماس،
كينيزەك مونچاق ئاسسا، كرميگەن ئويى قالماس.

قيرنداشدن قارنم ياخشى.

قاغىلا قاق ئېتىدۇ،
ئوز كوڭلىنى شاد ئېتىدۇ.

قارا بېشىم ئامان بولسا،
ئالتۇن ئاياقدا سۇ ئىچىمەن.

قىرى قۇلاق ئۇزۇن قۇلاق.

قىرىغاندا قز بولدۇم،
ئالدىرىغاندا ئۇز بولدۇم.

قالپىغى يوق تالدىن،
قانىتى يوق سا ياخشى.

قانەعەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق.

قورۇنغانغا قۇرۇت چىچار.

قاغىنىڭ مېڭىشىنى دورايمەن دەپ،
قۇشقاچنىڭ پۇتى يېرىلىپ كېتىپتۇ.

قزغانچۇقنىڭ ئىشىنى بېسىپ يە.

قز بالا ئوي زىننىتى

قولى قاشاڭ موللىدىن،

ئايىغى ئىلدام گاداي ياخشى.

قاشاڭ ئودەڭ بۇرۇن ئۇچار.

قاننى قان بىلەن يۇغىنى بولمايدۇ.

قارغۇ تۇتقىنىنى قويماس،
پاك تۇققىنىنى.

قوققانغا قوش كورىنەر.

قولۇڭدىن كەلگىنىنى ئەلدىن ئايىما.

قول قولنى يۇسا،
قول قويۇپ ئۇزىنى يۇيار.

قىلغاننىڭ ئۇزى يۇرۇق،
قىلمىغاننىڭ ئۇزى چورۇق.

كىشىگە سانىغان ئوزگە،
قاشقا سانىغان كوزگە.

قۇرۇت ياغاچنى ئىچىدىن يەر.

قارغۇنىڭ تىلىگى ئىككى كوز.

قارغۇغا كۇنما ئوخشاش،
تۇنما ئوخشاش.

قارغۇ باتۇر بولار.

قىزنىڭ كوزى قىزلدا.

قازا ئىككى، ئولۇم بىر.

قۇلاق ئاڭلىغاننى كوز كورەر.

قىرىغاندا ئات تىزىگى ئالتۇن بولار.

قاغيغا ئوق ئاتما، يامانغا سوز قاتما!

قايناق سۇ ئىچ، كوڭلۈڭ تىنچ.

قىچىپ كەتسەڭ، چىچىپ كەت.

قوينىڭدىن تۇ كۈلسە، قونچىڭغا.

قۇرۇق تاغا ئورە تۇرماس.

قاچان بولغاي ئوزەمدەك،
قاراپ تۇرغان كوزۈمدەك.

قولىنى كەسمىگىچە قان چقمابتۇ.

قارا كيگز ئاقارمايدۇ.

قوناق بولساڭ قوقاق بول.

قوناق ئاز ئولتۇرىدۇ، كوپ سىنايدۇ.

قۇش قىرب دەرەختە قونماس،
ئەر قىرب ھەمرا بولماس.

قىرى خوتۇن ياش بولدى،
جۇگانلارغا تەس بولدى.

قارغۇنى يادا قستابتۇ.

روزىنى مەن تۇتسامدۇ،
ھىيتنى باشقىلا قلىدۇ.

سۇنى سەپ سىگەر بەرگە،
سوزنى قل سغار بەرگە.

سوراپ بەرگىچە، ئۆرۆپ بەر.

سۇ كيتيدۇ تاش قاليدۇ،
هو-ما كيتيدۇ قاش قاليدۇ.

ساڭا بيقبمەن، ئشككە بيقب دەم.

سەن سالا، مەن سالا،
ئاشقا پوچاق كم سالا.

سوزدن سوز چقار.

سۇسايغا ئاقار، باى بايغا باقار.

سيىر سيپيغاننى بلمەس، يامان بەرگەننى.

سەۋرى قلغان غوريدن هالۋا پۇتەر.

سەن تيرىيسەن، باللىرڭ ئوريىدۇ.

سوزليگەلدن سوزليمىگەن ياخشيراق.

سانسزغا سان تەگدى، ئشتانسزغا ئاغ.

سوزنى تيجيمەلدن سوراڭ، يولنى كارۋانلدن،

سايدا تاش تيپلماپتۇ،
ئاختاميدا داڭگال.

سرلیششقا نوز یاخشی،
سویۈشۈشکه یات یاخشی.

سۈنی کورمەی نۈرۈپ، ئوتۈك يەشمە.

سۈغا سالساڭ سۈ كوتەرمەس،
مسقال تومۈرنی.
ئالتۈن بیرپ ئیلب بولماس،
یانغان کوکۈلنی.

سوز بەرگەن بوز بەرمەس.

سیەزنلڭ پۈتی سەككز.

سەللە دیگەن ــ بر یۈك،
ساقال دیگەن ــ بر تۈك، گەپ جاسۈیدا.

سۈكەكنی غاجیلیغان بلەن یاغ چقماس.

سەۋری تۈۋی سیرق ئالتۈن.

سوزگە سوز كەلسە، ئاتاكنی ئايبما.

سایاق یۈرگەن تایاق یەر.

سوقفا توكساڭ مۈز يە.

ساقاللیکی ئاشقا قوساق تویماس.

سیپگەك سۈغا ئامراق.

سەن تەرتىپنى ئۈزلىمىسەڭ،
تەرتىپ سېنى ئۈزلەيدۇ.

سادىن لاچىن توغۇلۇپتۇ.

شامال چىقمىغىچە دەرەخ ئىغاڭلىماس.

شاراق-شۇرۇق ئات كۆتۈرەر،
جىمىغۇر پۈت.

ئانداغ قازانغا شۇنداغ چۆمۈچ.

تەگىسەڭ تىرىق بولدى،
تەگىمىدىم ئىرىق بولدى.

تىچمۇ دېسە بالاغا قاپتۇ.

ئاللاپ-تاللاپ تازغا ئۇچراپتۇ.

ئاز بولسىمۇ مېنىڭ ئاتام.

توڭغۇز قوي بولماس.

توڭغۇزنى يۇساڭمۇ توڭغۇز.

تاڭلىسى قوپۇپ خوشناڭغا باق.

ئاز بازارغا بارسا، شۇم خەۋەر ئاپار.

تويغا بارساڭ بۇرۇن بار،
بۇرۇن بارساڭ تورۇن بار.

تامغیلق مال یوقالماس.

تویغا بارساڭ، تویۇب بار.

تاز ــ تازنی کورسه بیشی قیچیشار.

ئۇرۇك ئادەمگه بر توقماق،
موللیغا ئون توقماق.

تویغان یەرگه توققۇز كۈن تازم.

تاز گۈل تاپسا، قسیدیغان یەر تاپالمابتۇ.

كوپ سوز ئەرنی ئاخماق قلۇر،
یاخشی سوز تاشنی یارۇر.

توپقا قاراب تاش ئاتما.

تویغا بارساڭ تویۇب بار.
توققۇز توگا كییب بار.

تل یۈگریگی باشقا،
ئایاق یۈگریگی ئاشقا.

تاگدیكی قۇیرۇقدن،
بۇگۈنكی ئوپكه ئەلا.

تەننىڭ تازیلیغی پادشاهلق.

تاغدیكی كیيكنكه پۇت كوتۇرەر.

توپاقنى چمداب ئولتەرگەن.

تېزىنى باسسا بېزى.

تېپشمېقىچە ئېلشماس.

تار يەردە ئاش يېگىچە،
كەڭ يەردە مۇش يە.

تېشى پال ـ پال، ئچى تال ـ تال.

تېرىيسەن ئورىيسەن.

تېچىمەل كىپن تاپسا، ئولۇب قالار.

تاما ـ تاما كول توشار.

توشقان تېرىسى ئۈچ كۈن چدار.

تەنە قلماڭ، تاڭلا يېتەر.

تاز باشقا تۆك ئۈنگەندەك.

تولا يەيمەن دەب،
ئازدن قۇرۇق قابتۇ.

تەرجىنڭ بېگى ئولمەس،
جۇگاننڭ ئېرى.

تېرىگەن خامان قلۇر،
تېرىمىگەن ئارمان قلۇر.

توی بولسا قۇرۇق كاللا دۈگلەيدۇ.

توگینڭ مازا بلەن ئشی یوق.

توشۇك مونچاق یەردە قالماس،
یەردە قالسا توپا باسماس.

تازنڭ نیمیسی بار، تومۇر تاغیغی.

تاشقا چاچ ــ بەختڭدن كور.

تۇرماس میهمانڭ كەتكینی یاخشی.

تلیگەننڭ قینیغا، تلیمیگەننڭ جینیغا.

تویمیساڭ تویۇڭدا تویارسەن.

تارتنغان ئاچ قابتۇ.

تەلەیلكنڭ خوتۇنی ئولەر،
تەلەیسزنڭ ئویی كویەر.

تامچا تاما ـ تاما چیلەك توشار.

تۇققان یەردن تۇرغان یەر یاخشی.

ئوغری ئیتقان تۇققینیغا یاریماپتۇ.

ترك بولۇب ساندا يوق،
ئولۈك بولۇب گورده يوق.

ئاققا چقش قيين، چۈشۈش ئاسان.

تولا سوزليگەن تۈتۈلار،
ئاز سوزليگەن قۇتۇلار.

تلـڭنى ييغب سوزله،
چشڭ سۇنميسۇن.

تورۇستيكى كەكە بالامنڭ بيشيغا چۈشميسۇن.

تەڭ ييگەن ـ تەڭـگە سيگەر،
يالغۇز ييگەن يەرگە.

تس، تەڭ ـ تەڭ، تس تەڭ ـ تەڭ،
مەن ئييتاى سز ئاڭلاڭ.
قيمار كەلميسه يغلاڭ،
ياغلقنى بەش پۇلغا داڭلاڭ.

تەۋەكەل دەرياسيغا سالغل كيمه،
خا ئاقسۇن، خا چوكسۇن، غەم ييمه.

تاز قزغا ئەر تاپماق،
قدام كەكيگە ساپ تاپماق.

تاپقينى گۆل كەلتۈرۈر،
تاپميغينى بر باش پيياز،

تاپقىنى قوي ئولتۇرۇر،
تاپمىغىنى جۇجە غوراز.

تۈگمەندە مەن بولسام،
چىقلدۇرغۇچى سز بولۇڭ.

ئۇرۇش دىسە، نىمە تۇرۇش.

ئۇياتلق مىھمان كەلگەندە،
نان تۈگەپتۇ.

ئۇرۇق-تۇققان تىپىشار،
ياتقا بالا يىپىشار.

ئۇستا باردا قولۇڭنى،
موللا باردا تلىڭنى.

ئۇسسۇساڭ تالقاننى كاپ ئەت.

ئۇيات ئۆلۈمدىن قاتتق.

ئۆزۈڭنى بلمىسەڭ سۇدا ئوينىما.

ئۈچنىڭ بىرى خانغا ياراپتۇ.

ئۈستۈن بىقىپ تۈكەرسەڭ،
يىنىپ چۈشەر ئۆزەڭگە.

ئۆزۈمنىڭ قىلنلىغى،
جىنمنىڭ راھىتى.

ئورۇك ــ ئورۇكنى كورۇب ئالا بولار،
ئۈزۈم ــ ئوزۈمنى كورۈپ بالا بولار.

ئۈنى يوقنىڭ خۈنى يوق،
بلەمسزنىڭ جينى يوق.

خونخايغا بارساڭ ــ قوساق ئيلب بار؛
غالجانقا بارساڭ قازان ئيلب بار،
ئاچنوقيغا بارساڭ ــ قوزۇق ئيلب بار،
شۈنقارغا بارساڭ ــ چورۇق ئيلب بار،
دەۋۈنغا بارساڭ ــ پچاق ئيلب بار.

خل-خليدا، پچاق قنيدا.

خوشناڭ كور بولسا، كوزۈڭنى قس!

قۈشناچم باقيدۇ ئوشكە،
بزنى قويمايدۇ چۈشكە.

خوتۈن ئەرگە قارايدۇ،
ئەر بەرگە قارايدۇ.

ۋافاغا ــ جاپا.

خۈدا ئۈرغاننى،
خۈدا بەردى قرشۈب ئۈرۈبتۇ.

خوتۈن قانيتى ئەر،
ئەر قانيتى ئات.

ختايغا سوز، قالماقغا بوز.

خەلق ئيتماس، ئيتسا خاتا بولماس.

خوتۇن ــ بويۇن، ئەر ــ باش.

خۇش ياقماسنى ئشقا بۇريساڭ،
ساڭا عيقل ئۈگيتەر.

خۇدايم بلب پاقيغا قۇيرۇق بەرمەبتۇ.

زوخلانغان مال ئەي بولماس.

زاغرق ئاڭليغاننى كورمەبتۇ،
قارغا كورگەننى.

زيهنيده زاڭ كورميگەن،
چۇشيده نان.

زامانه زورنڭ، تاماشه كورنڭ.

زالمنڭ زۇلميدن ساقلا،
پادشاهنڭ حوكميدن.

زامان ساڭا باقميسا، سەن زامانغا باق.

زيدى پەسنڭ زيلى پەس.

ا تشتدن قوقان گادای ئەمەس.

جۇجيني كۈزده ساناڭ.

ئككى ئوينك قورغينى،
بر ئويگه ئاش بوليدۇ.

ئنجۇ-ماجان تاش ئيكەن،
قوناق-تبرق ئاش ئيكەن.

ئشتانغا چشقان كوڭۇلگه تايلق.

ئش كوپ، كومۇر ئاز.

ئش ئوڭغا تارتسا، ئشتان قوڭغا تاتبدۇ.

ئش لاپقۇت، ئاش ئوتنه.

ئرغايدەك ياغاچ بولماس،
لاچندەك ييگت بولماس.

ئشترب ئەتكەننى، ئشت ييمەبدۇ.

ئش ئاشقا تاتبدۇ،
هۇرۇنلۇق باشقا.

ئشت ئيگيسى بلەن كۈچلۈك.

ئشتنك كوڭلى سوڭەكدە.

ئشتنى قاۋابدۇ دەپ،
ئاغزينى كەسكيلى بولمايدۇ.

ئشت-ئشتنى بۇيريسا،
ئشت قۇيريغينى بۇيرۇبتۇ.

ئشتنىڭ قارغىغىنىغا پشت ئولمەيتۇ.

ئشتنىڭ دوستى پشت.

ئشت سەرىسە، ئىگىسىنى قاۋار.

ئلاننىڭ توشۇگى تۈز، ئوزى ئەگرى.

ئشت هاۋشا-هاۋشا تاڭدا ئۇخلا.

ئشت ئشنلىگىنى قلمىسا، كوڭلى تنماس.

ئشتنىڭ ئاغزىغا سوڭەك تاشلا.

ئشت قلغاننى، ئشتلارچە قلمايتۇ.

ئشتنىڭ قاغىشى بورىگە يۇقماس.

ئشقى يوق — ئىشەك،
دەردى يوق — خەشەك.

ئچمەن چققان بالاغا،
نەگە باراي دازاغا.

ئىلاننىڭ تىشى يۇمشاق، ئچى زەهەر.

ئشى يوقنىڭ ئىشى يوق،
ئشى بارنىڭ ئىشى بار.

ئشت كالليسى تەخسىدە توختىمايتۇ.

ئشلىسەڭ چشلەيسەن.

ئشەنگەن تاغدا كييك ياتمايتۇ.

ئچ-سرگنی ئاناڭغيما ئيينما!

ئشليگەن چلق-چلق،
ئشليميگەن قۇرغاقچيلق.

ئيلی سەككز مك.

ئنيسی بارنڭ ئريسی بار.

ئشنی قلغن ئولگيچە،
ئاماق يیگن تويغيچە.

عيزيزانە قەشقەر، شيهيدانە خوتەن،
غيريبانە تۇرفان، ئەسيرانە قومۇل،
ۋەلييانە كۇچار، غازييانە ئاقسۇ.

يبراق بولسا كشنيشەر،
يبقن بولسا، چشليشەر.

يامانغا قلغينڭ قۇمغا سڭگينڭ.

يامانڭ بر قليغی ئارتۇق.

يوق يەردن پۇتاق چقرب.

يول عازابی، گور عازابی.

يامان ئاتنی يال باسۇر.

يىمەيمەن دەپ، چىچىۋاتقاندەك.

يىشىل كۆلدە غاز ئوينار،
چۆپىن بىلەن تاز ئوينار.

ياخشىنىڭ قەدرىنى يامان بىلمەس.

يولغا چىقساڭ ئەتە چىق.

يامانىنىڭ سۆيىنى ئىچكىچە،
قاپىقىنى ئۆشتۈۋەت.

يامانىدىن يا بوبى قاچ!

يۈگۈرىگەن تالا، يۈرىبغان ئالا.

يان يەر ـــ يەر ئەمەس،
كىچىك بالا ـــ ئەر ئەمەس.

يات يىگىچە، ئۇرۇق-تۇققان ئولگىچە.

يامانلىغان ئابدالنىڭ غۇجىنىغا زىيان.

يامانغا ئاختامىدا داڭگال.

يوق دىسە، يىتىپ ئىچىك.

يەرسىز ئىدىم يەرلەندىم،
توقماق ئىلىپ پەملەندىم.

ياش كىتىمەن دەپ قورقىتار،
قىرى ئولىمەن دەپ.

يېگىنى ئايىغان كوتا.

يالدىكى كيسەكنىڭ ئەتۋارى يوق.

ياخشى بولسا ئوزيدن،
يامان بولسا ئوزگيدن.

ياز ييپنچاگنى، قش ئوزۇغنى ئال.

ييتم بۇلۇگدا، تيرق تۇلۇمدا.

ياخشى ئاتقا بر قامچا، يامان ئاتقا مڭ قامچا.

ياماننڭ گيپى يامان،
ئەسكى چاپاننڭ پشتى.

بوتقانغا قاراب، پۇتۇگنى سۇن.

يغليماقنڭ كۇلميگى بار،
كولمەكنڭ يغليميغى بار.

ياخشى سوز دۇشمەنگە ياريغان.

ياغاچ قازاندا چاى برلا قيتم قاينايدۇ.

ياغ يەب يالاگاچ يات!

ياخشينڭ شارافيتى،
ياماننڭ كاسافيتى.

بۇگاش ئۇينڭ مۇگگبزى ئچيدە.

يامىساڭ پۈتىسەن،
يالىساڭ تويىسەن.

ياخشى ئاتنڭ يايليدن.

يقلغاندن سوريما، كۆلگەندن سور!

ياش كەلسە ئشقا،
قېرى كەلسە ئاشقا.

يالغۇز ئاتنڭ چېڭى چقماس.

قول ياريسى كېتەر،
تل ياريسى كەتمەس.

يل يۈر ئامان يۈر.

يالغانچنڭ قۇيريغى بر تۇتام.

يېگتلككە هەشەم كېرەك.
بەگلككە حەرەم.

يېتم تايدن يورغا چقار،
يېتم باليدن دۇغا چقار.

ياخشيلق يەردە قالماس.

يامان هارۋا يول بۇزار،
يامان كشى يۇت.

ياخشيغا ئشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇق.

ياخشيلققا ياخشيلق،
هەر كمنك ئشى،
ياخشيلققا يامانلق نادانلنك ئشى.

بيتمنك ئاغزى ئاشقا تەككەندە،
بيشى تاشقا تيگبتۇ.

ياخشينك سوزى ــ يامانك كوزى.

يولدا يانقان ئيلاننك عومرى قسقا،
كيچە يۇرگەن ئەرنك.

يامان پيچاق تۇتقيچە ــ چشلەب ييگن تويغيچە،
يامان خوتۇن ئالغيچە ــ
بوبتاق يۇرگن ئولگيچە.

يامانك ياخشيسى بولغۇنچە،
ياخشينك يامينى بول!
قاراموۇق دينى بولغيچە،
بوغداينك سامانى بول!

يامانغا يولۇقساك ياليسى يۇقار،
قازانغا يولۇنساك قاريسى.

يوقسز بولسا يالغان بولۇر،
تۇكسز بولسا تايغاق بولۇر.

يارمنك تلليغينى ــ چلليغينى.

ياخشىدىن يامان بولىدۇ، ياماندىن ياخشى.

يامانلىغانغا يامان قوينىڭ كاللىسى.

يازلىققا ساراي سالاي،
قىشلىققا قايان باراي.

يەپ تويمىغان يالاپ تويماپتۇ.

يازنىڭ تېزىكى قىشقا دورا.

يېنىڭدا بىر پۇلۇڭ يوق،
توگىنىڭ چىشىنى سانا!

يېمىگەننىڭ يىگۈچىسى چىقار،
كىيمىگەننىڭ كىيگۈچىسى.

يۈرگەن دەريا، ياتقان بورىيا.

ياخشى سۆز جان ئوزۇقى،
يامان سۆز جان قوزغى.

ياخشى سۆز تاشنى يارار.

يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە.

يەپ نېمەڭ قالدى،
ئىككى تال ئۈزۈمۈڭ.

ياخشىغا ياغدەك، يامانغا داغدەك.

يانقانغا يان يوق، قوپقانغا ئالۋان.

يامانغا ياغ ياراشماس.

ئۆشتكەن پچاقنڭ سيپى ئالتۇن.

يارنڭ ئاغامچيسى بولسا،
گادا ينڭ كوليسى.

ييگەننڭ ييلى بار، ييميگەننڭ دەردى.

يەى ديسەڭ چشڭ ئاغرييدۇ،
سيمز يەرنى بەرگيلى ئچڭ ئاغرييدۇ.

ييمشلڭ ياغاچنڭ بيشى توۋەن.

ياخشينڭ ياخشيليغينى چقار، — تۆرى ئانسۇن،
ياماننڭ يامانليغينى چقار — توزۇپ كەتسۇن.

يامانلقنڭ يولى يينڭ،
ياخشيلقنڭ بولى ئيغر.

يۈز دوستدن بر دۈشمەن كوپ.

ياماننڭ ئيشى پشماس،
قازان بيشيدن چۈشمەس.

ياخشى ميهمان ئاش ئۈستيدە،
يامان ميهمان غيۋەت ئۈستيدە كيلۇر.

ييغينى يان باسيدۇ، ئوغرينى دام.

يىراق يەردىن ئات ئالما،
يېقىن يەردىن قىز!

يەنە دېسە، يەنە دەيدۇ،
ئاستا دېسە كىشىگە دەيدۇ.

ياخشى ئاتنىڭ ئارقىسى،
يامان بالىغا قىرىق يىل ئوزۇق.

يەرگە كىرسەم قاتتىق، ئاسمانغا چىقسام يىراق.

ياخشى كۆرگەننى ئېيتار، يامان يېگەننى.

ياخشى ئانقا قامچا كېرەك ئەمەس،
ياخشى يارغا ئەلچى.

يىراقتىكى تۇققاندىن،
يېقىندىكى خوشناڭ ئەلا.

مۇندەرىجە:

تارىخى-ئىنقىلابى قوشاقلار . . . . 3
ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى . . . . . 63
مۇھەببەت قوشاقلىرى . . . . . . 157
تۇرلۇك ناخشا-بېيىتلار . . . . . . 225
ماقال ھەم تەمسىللەر . . . . . . . 255